# الدعوة الاسلامية

(تەرجىمىسى)

# ئىسلامىي دەۋەتنىڭ پەزىلىتى ۋە زۆرۈرلىكى

دوكتور سادىق ئەمىن

# مۇندەرىجە

سوۋغا.........................4
كىرىشسۆز.........................7
1 ـ باب: ئىسلامىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ
زۆرۈرلىكى.........................10
بىرىنجى پەسلى ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈن كۈندىكى
بۇزۇلۇشلىرى
ۋەبەختىسىزلىكلىرى.........................12
ئىككىنجى پەسلى تەشكىللىنىشنىڭ شەرىئەتتىكى
ھۆكمى.........................37
ئۈچىنجى پەسلىھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىي
ھەرىكەتلەرنىڭ پايدىسى ۋە ۋۇجۇدقا چىقىش ئالدىدا
تۇرغان
نەتىجىلىرى.........................75
2 ـ باب: ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىي
ئېقىملار.........................90
بىرىنجى پەسلى قۇتقۇزغۇچى ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرى.........................92

ئىككىنجى پەسلى نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىسلامىي
ئېقىملار.......................102
ئۈچىنجى پەسلى ئىخۋانۇل مۇسلىمىين (مۇسۇلمان قىرىنداشلار
ئۇيۇشمىسى)........................152

## سوۋغا

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

«پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (ئىمان بىلەن) نۇرلاندۇرغىن، مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن.»

«پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بىغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى سەن بەندىلىرىڭگە (ئاتالارنى) بەكمۇ بىغىشلىغۇچىسەن.»

ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرگە،

شېھىد بولۇشقا ئىنتىلگۈچىلەرگە،

فىردەۋس جەننىتىگە ئىنتىزار بولغۇچىلارغا،

مىللەتچىلىك پاتقىقىنىڭ سىسىق ئەۋرەزلىرىدىن نىجاتلىق نىيىتىگە كەلگەنلەرگە،

قۇدرەتلىك اللە نىڭ دەرگاھىدا ئامان جايىدا

بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ، بويۇنلىرىدىن بەندىگە قۇل بولۇش بويۇنتۇرۇقلىرىنى ئېلىپ تاشلاشقا بەل باغلىغانلارغا،

اللہ نىڭ يولىغا-ئامانلىق يولىغا مېڭىش نىيىتىگە كەلگەنلەرگە،

ئەنە شۇلارغا بۇ كىتابنى سوۋغا قىلىمىز!

## ئاپتوردىن

اللہ قا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ
ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەيمەن
ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ نامى
بىلەن باشلايمەن

«شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتى دۇنيادا ۋە گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز.»

«بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان، ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر، بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتنىڭ مەركىزىنى كۆزلىگەن كىشى جامائە بىلەن بىرگە بولسۇن!»

«اللہ نازىل قىلمىغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىش دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇپرىلىقتۇر»

«ئىنسانلارنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە بولغان

ئېھتىياجى، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەككە ۋە بەلكى نەپەسلىنىشكە بولغان ئېھتىياجىدىنمۇ ئارتۇقتۇر. چۈنكى نەپەسلەنمىگەندە، يامىنى كەلسە بەدەن ئۆلىدۇ، ئەمما ئىسلام شەرىيئىتى بولمىسا، روھ ۋە بەدەن تەڭ ئۆلىدۇ، ئەبەدىيلىك ھالاك بولىدۇ. بۇئىككى ئۆلۈمنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ.»

تىرمىزي رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىھ دېگەن. «ئەقىدە تاھاۋىيە شەرھى»سى

363 - بەت ئىبنۇل قەييىم «سائادەت ماكانىنىڭ ئاچقۇچى»

«اللہ نىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش ماقامى بەندىچىلىك ماقاملىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر.»

«اللہ نىڭ بەندىلىرىنى اللہ نىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغىن، دەۋەت بارلىق پەيغەمبەر - لەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىدۇر. پەيغەمبەرلەر پەقەت كىشىلەرنى ياخشىلىققا رىغبەتلەندۈرۈش يامانلىقلار - دىن توسۇش بىلەن جاپا چېكىپ ئۆتكەنلەردۇر.» «ھۆكۈمرانلىق بىزنىڭ پىقھى كىتابلىرىمىزدا ئەقىدە ۋە تۈپكى مەسىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ، فۇرۇئات مەسىلەر قاتارىدا سانالمايدۇ.»

«ئىسلامىي دەۋەت ھامان تۇغۇلىدۇ، تۇغۇتتا تولغاق بولىدۇ، تولغاقتا دەرت بولىدۇ ، ئەلۋەتتە.

«اللہ نىڭ دىنىغا قارىتىلغان غالجىرانەسۇيىقەست مەيلى توختىسۇن، مەيلى ساراڭلارچە ۋە تەلۋىلەرچە ئەزۋەيلىسۇن، بەربىر ئىنسانلار اللہ نىڭ يولىغا قايتىپ كېلىدۇ.»

ئىبنۇل قەييىم «سائادەت ماكانىنىڭ ئاچقۇچى» 1 ـ جىلد 153 ـ بەت

ئىبنۇل جەۋزىي «قەلب شىكارلىرى» 38 ـ بەت  ھەسەن بەننا «خاتىرىلەر توپلىمى» 5 ـ قۇرۇلتاي خاتىرىسى 272 ـ بەت  سەييىد قۇتۇب «ھازارەت قېيىنچىلىقلىرى» 182 ـ بەت  مۇھەممەد قۇتۇب «20 ـ ئەسىردىكى جاھىلىيەت» 351 ـ بەت

# كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، جىمى ھەمدۇ ـ سانا اللە قا خاستۇر، اللە قا ھەمدە ئېيتىمىز، اللە دىن ياردەم سورايمىز، اللە دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز، اللە قا سىغىنىپ ئۆز يامانلىقلىرىمىزدىن ۋە يامان ئەمەللىرىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق، اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوق. گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، اللە دىن باشقا ئىلاھ يوق، اللە نىڭ شېرىكى يوق. گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەن، ئامانەتنى ئادا قىلغان بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر. بارلىق پەيغەمبەرلەرگە، ساھابىلەرگە، تابىئىينلەرگە ۋە ئۇلارغا تا قىيامەتكىچە ياخشىلىق قىلىشتا ئەگەشكەنلەرگە اللە نىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن!.

ئى اللە! بىزگە بىلدۈرگەن بىلىملەر بىلەن بىزنى مەنپەئەتلەندۈرگىن! بىزگە مەنپەئەتلىك ئىلىم ئاتا

قىلسىلا! بىزنى سۆزگە قوللاق سېلىپ، سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسىلا! چوقۇمكى ئۆزلىرى دۇئايىمىزنى ئاڭلىغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچىدۇرلا!

مەقسەتكە كەلسەك: ئىنسانىيەت روھىي جەھەتتىن ۋەيران بولغان، ئىنسان پىترىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ئىنسانىيەت مۇستەھكەم تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگۇدەك بەختسىزلىكلەر-گە دۇچ كېلىۋاتقان، ھالاكەت قىرغىقىدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇندا زۇلمەتلىك ۋاقىتتا بەزىلەر: «ئىنسانلار بۇ كرىزىسلار ۋە بەختسىزلىكلەردىن، ئازاب-ئوقۇبەتلەر-دىن قانداق قۇتۇلالايدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

بۇ سوئالغا غالىب پەرۋەردىگار تەرىپىدىن مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن: «كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە شەقىي بولمايدۇ.»

دېمەك: ئىسلام بىردىنبىر نىجاتلىق يولى، ئىسلامدىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوق.

ھېلىقى سوئال سورىغۇچى ئارقىدىنلا يەنە: «ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەت تىزگىنىنى قولغا ئېلىشى مۇمكىن بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ئالدىدا تۇرغان بۇ كىتاب ئەنە شۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ كىتاب تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ سوئالغا قىسقىچە جاۋاب بېرىدۇ:

1- سوئال: ئىسلام قۇتقۇزغۇچى بولسا، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ بۇ رولىنى قايسى يول بىلەن جارىي

قىلدۇرىدۇ؟

بۇسوئالغا ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن: «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە شاھىد بولۇشىڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق.»

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلا ـ ردىن مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن!»

دېمەك: جامائە شەكىللەندۇرۇش ۋە بۇجامائەنى، ئازابلىنىۋاتقان ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەت ۋە راھەت ـ پاراغەت سايىسىغا باشلاپ بارالىغۇدەك قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش بەكمۇ زۆرۈردۇر. بۇنىڭغا قارىتا جامائە قۇرۇپ چىقىش كېرەك. سانى ئاز بولسىمۇ قۇتقۇزۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك، قۇتقۇ ـ زۇشنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى ئۈستىگە ئالالىغۇدەك جامائە تەشكىللەش كېرەك.

ئەلھاسىل، ئىسلامىي ھەرىكەت شەخسلەرنى ئىلاھىي تەلىماتقا ئۇيغۇن ھالدا قايتىدىن قۇرۇپ چىققۇدەك بىر تەشكىلچانلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك.

2 ـ سوئال: تەشكىللىنىش مۇقەررەر زۆرۈرىيەت ۋە قېيىنچىلىق پەيتىدىكى پىترەتنىڭ تەلپى بولسا، ئۇنداقتا بۇ تەشكىللىنىشنىڭ شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى قانداق بولىدۇ؟

بۇ سوئالغا تۆۋەندىكى ئىككى بابتا جاۋاب

---
سۈرە تاھا 123 ـ ئايەت

سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەت

بېرلىدۇ:

1 ـ باب: ئىسلامىي ھەرىكەت تەشكىللەشنىڭ زۆرۈرلىكى.

2 ـ باب: ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىي ئېقىملار.

---

سۈرە ئال ئىمران104 ـ ئايەت

# 1 ـ باب
# ئىسلامىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى

بۇ باب ئۈچ پەسىلدىن تۈزۈلىدۇ.

بىرىنچى پەسلى: ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈن كۈندىكى بۇزۇلۇشلىرى ۋە بەختسىزلىكلىرى.

ئىككىنچى پەسلى: تەشكىللىنىشنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى.

بۇ پەسلى بىر قانچە بەھسلەردىن تۈزۈلىدۇ:

1 ـ بەھس: نىجاتلىقنىڭ بىردىن بىر يولى دەۋەت قىلىش.

2 ـ بەھس: دەۋەتچىلەرنىڭ ئورنى.

بۇ بەھستە بىرقانچە مەسىلە بار.

1 ـ مەسىلە: بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى بولسۇن) نىڭ يولىدۇر.

2 ـ مەسىلە: دەۋەتچىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

3 ـ مەسىلە: دەۋەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى تولىمۇ

نازۇك ۋە ناھايىتى بۈيۈكتۇر.

4 ـ مەسىلە: دەۋەتچىلەرگە تەۋسىيە.

5 ـ مەسىلە: دەۋەتچىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش.

6 ـ مەسىلە: اللە نىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم قىلماسلىققا سۈكۈت قىلىش خىيانەت ۋە سولچىللىقتۇر.

7 ـ مەسىلە: ئۆز ئىلمىگە ئەمەل قىلغۇچى يېتۈك ئالىم.

ئۈچىنجى پەسلى: ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنىڭ پايدىسى ۋە ۋۇجۇدقا چىقىش ئالدىدا تۇرغان نەتىجىلىرى.

بۇ پەسىلدە ئىككى بەھىس بار.

1 ـ بەھس: اللە نىڭ ياردىمى يېقىن.

2 ـ بەھس: دەۋەتچىلەر تەقدىرنىڭ قولى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان قوراللاردۇر، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت سەۋەب قىلىشتۇر.

# بىرىنچى پەسلى
# ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈن كۈندىكى بۇزۇلۇشلىرى ۋە بەختسىزلىكلىرى

ئەقىللىق كىشىلەر شۇنىڭغا شەك قىلمايدۇكى، ئىنسانلار ھازىر مېڭىۋاتقان يولنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدىغان بولسا ئاقىۋەتتە چوقۇم ھالاك بولىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. «ئەگەر سىلەر اللە نىڭ تائەتىدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ، (بەلكى اللە قا ئىتائەت قىلىدۇ).»

جەھشىنىڭ قىزى زەينەپتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ ئارىمىزدا ياخشىلار بولسىمۇ ھالاك قىلىنامدۇق؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، بۇزۇقچىلىق كۆپىيىپ كەتسە، دەپ جاۋاب بەرگەن.»

بۈگۈن كۈندىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت باشلىغان مەزگىلدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. اللە بۇ ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى. اللە ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ بىر قىسىم قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئۇلارغا تېتىتتى»

---

سۈرە مۇھەممەد 38 ـ ئايەت    بۇخاري، مۇسلىم رىۋايىتى    سۈرە رۇم 41 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە غەيبنى كۆرگەن كۆزى بىلەن قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «جىنسىنىڭ ئىگىسى بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆز ئىماملىرىڭلارنى ئۆلتۈرمىگىچە، ئۆز-ئارا قىرغىن قىلىشمىغىچە، بايلىق يامانلىرىڭلارنىڭ قولىرىغا چۈشمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئۆزىنىڭ دوستى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەملەر تاسقىلىپ داشقاللىرى قېپقالغان، كىشىلەردە ۋاپاسىزلىق، خىيانەتچىلىك، دەتالاش كۆپەيگەن زامانلاردا سىلەرنىڭ ھالىڭلار قانداق بولۇر؟

- ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، بىز ئۇچاغدا قانداق قىلىمىز؟ دېيىشتى ساھابىلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: بىلگىنىڭلارغا ئەمەل قىلىڭلار! بىلمىگىنىڭلارنى تەرك ئېيتىڭلار! چوڭلىرىڭلارنىڭ ئەمرىنى بېجا كەلتۈرۈڭلار! كىچىكلىرىڭلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ كەتمەڭلار! يەنە بىر رىۋايەتتە: الله نىڭ دىنىدا رەھۋازلىق قىلماڭلار! دەپ بار.

بۈگۈن كۈندىكى ئىنسانلارنىڭ ھالىنى كۆرگەن كىشى ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) نىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ: «ياخشىلار بىر-بىرلەپ دۇنيادىن كېتىدۇ، ياخشى-يامانني ئايرىيالمايدىغان ناباپ ئادەملەر قېپقالىدۇ.»

---

تىرمىزى رىۋايىتى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئي رىۋايىتى تەبەراني رىۋايىتى

دەرۋەقە ھاياتلىق چىرىدى ۋە سىسسىدى، ئىمانى

بار كىشلەرنىڭ كۆڭلى سىقىلدى، دىندا چىڭ تۇرغان كىشى چوغ تۇتقان كىشىگە ئوخشاش يۈرىكى دەرتكە تولدى. ئىنسانلارنىڭ تارتىۋاتقان دەرت-ئەلەملىرى، چىكىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكى سەدىپارە بولدى؛ بولۇپمۇ بۇ كۈنلەردە ئىسلام دىيارى دەپ ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە قۇللۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان رايونلاردىكى ئەھۋاللارنى، ئاتاقتا مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە زوراۋانلارغا قۇل بولۇۋاتقان، كاپىرلار ئالدىدا خورلىنىۋاتقان بىچارىلەرنى كۆرۈپ يۈرىكى لەختە-لەختە بولدى.

بۈگۈن كۈندىكى مۇسۇلمانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى مۇنۇ سۆزى توغرا كېلىدۇ: «ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋبان (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) غا مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «ئى سەۋبان! خۇددى سىلەر بىر قاچا تائامغا ئولاشقاندەك، بارلىق مىللەتلەر سىلەرگە ئولىشىۋالسا سىلەرنىڭ ھالىڭلار قانداق بولۇر؟

سەۋبان: ئي الله نىڭ پەيغەمبىرى ئاتام ۋە ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇنكى، سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن شۇنداق بولامدۇ؟ دېدى.

-ياق شۇكۈنلەردە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، بىراق دىللىرىڭلارغا ئاجىزلىق تاشلانغان بولىدۇ، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ.

- نېمە ئاجىزلىق ئۇ؟ دېيىشتى ساھابىلەر.

- سلەرنىڭ دۇنيانى دوست تۇتۇپ كېتىشگىلار ۋە قورالىق كۆرەشنى ياقتۇرماسلىقىڭلار، دېدى جاۋاب بىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

## بۇزۇقچىلىق ئىپادىلىرى

هاياتلىقنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە بۇزۇقچىلىق كەڭ تارقالدى، ئىنساني ھايات ھۆجەيرىلىرىنىڭ ھەممىسىگە چۇشكۇنلۇك سىڭىپ كىردى، بارلىق قوراللار ئىسلامغا قارشى ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ھۆكۇ- مرانلىق ۋە سياسەتتىكى ئىپادىسى:

قۇرئان قانۇن قىلىنمىدى، الله نىڭ ساماۋي شەرىئىتى يەرلىك قانۇنلارغا ئالماشتۇرۇلدى، ھۆكۇمرانلار ئۆزلىرىنى خۇدا قىلىۋېلىپ، ئىنسانلارغا شەيتاني خىياللىرى ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى قانۇن قىلىپ تاڭدى. «كىمكى مېھرىبان الله نى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شەك-شۇبھىسىزكى، شەيتانلار ئازغۇن كۇپپارلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ.»

«ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟»

---

ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان    سۈرە زۇخرۇپ

36-37-ئايەت    سۈرە شۇرا 21-ئايەت

بۇ قەبىھ جىنايەت رىفائە تەھتاۋي ناپولېئون دىنى (فرانسىيەقانۇنى) نى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىش ۋە مىسىردا تەتبىقلاشقا مەجبۇر قىلىنغاندا، مۇھەممەد

ئەلي پاشادىن باشلاندى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىپادىسى:

ئاياللار ئىسلامغا قارشى جەڭگە قورال سۈپىتىدە ئىلىپ كىرىلدى. «قاراڭغۇ دەۋرلەردىن ئازات قىلىش» دىگەندەك ساختا، يالتىراق شۇئارلار ئاستىدا بەختسىزلىك دوزىخىغا تاشلاندى. ئەرزان باھالىق تاۋار سۈپىتىدە سېتىلىپ، خەلقئارا يەھۇدىي قىسا-سچىلىرىنىڭ شەھۋانىي قۇربانلىرىغا ئايلاندى.

ئايال دىگەن بۇ ئۇلۇغ يارالمىشنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن يالغان، ساختا، يالتىراق شۇئارلار كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن: قاسىم ئەمىن كۆتۈرگەن ئاياللارنى ئازات قىلىش بايرىقى؛ ھۇدا شەئراۋىي باشلىغان، ئەمىنە سەئىد قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن ئاياللار ئىتتىپاقى؛ ئەرەب پايتەختلىرىدە مەدەنىيەت نامىدا بارلىققا كەلگەن پاھىشخانىلار؛ مودىل سەھنىلىرى؛ ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرى؛ پارىژ، رىم، ھوللىۋود، قاتارلىق جايلاردا يەھۇدىيلار يېتەكچىلىك قىلۋاتقان قوش قاپاق چىقىرىش، ھۆسن تۈزەش ئوپىراتسىيەلىرى؛ دۇنيا گۈزەللىرىنى تاللاپ چىقىش، ئاياللارنى قۇرۇلتاي ۋەكىلى قىلىش ۋە ئۇلارغا ھوقۇق بىرىش قاتارلىقلار. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشىدە يەھۇدىيلارنىڭ زەھەرلىك قولى بار. ناھايەت ئاياللار چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان بىر ھالەتكە يەتتى. ئاياللار بالىلارنىڭ قوللىرىدىكى ئويۇنچۇق توپلىرىدەك، يەھۇدىيلار قەيەرگە تەپسە، قانداق تەپسە، شۇيەرگە، شۇنداق دومىلايدىغان؛ يەھۇدىيلارنىڭ كۆڭلىنى

ئىزدەپ، شۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە كىيىم ئالماشتۇرىدىغان؛ چاچلىرىنىمۇ شۇنداق ياسايدىغان؛ يۈز-كۆزلىرىنى بوياپ يۈرىدىغان قورچاقلارغا ئايلاندى.

پاھىشىنى مەدەنىيەت، جىنايەتنى ئىلىم-پەن دەيدىغان تەشۋىقاتلار ئارقىلىق ۋەيرانچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، گۈزەل سەنئەت ئىنىستىتوتلىرى قۇرۇلدى. بۇ ئىنىستىتوتلار ئەمەلىيەتتە جىنسىيەتكە چوقۇنۇپ، پاھىشىۋاز فەينۇسقا باش ئۇرغان رىملىقلاردەك رەزىل قىلمىشلارنى ئۆگىتىدىغان ئورۇنلاردۇر. تېلېۋىزور، كىنو، گېزىت-ژۇرناللار ئارقىلىق ئىنسان روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئىنسانىي ئىزنالارنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن يالىڭاچ سۈرەتلەر بۇ جەڭگە قاتناشتى. ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىشتا يەنە ياللانما قەلەمكەشلەر تەرىپىدىن يېزىلغان سېرىق- شەھۋانىي ھېكايىلەر ئىشقا سېلىندى. بۇ ھېكايىلەر ئاۋام-پۇقرالارنى بىخۇدلاشتۇرۇپ شەھۋانىيەتنىڭ سېسىق ئەۋرەزلىرىگە سۆرەپ كىردى.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئاشۇ ئاتالمىش يازغۇچىلار، شائىرلار ۋە سەنئەتچىلەر مەيلى زوراۋانلارغا مەدھىيە ئوقۇسۇن، مەيلى شەھۋانىي چىرىكلىكنى كۆككە كۆتۈرسۇن بەرىبىر خەلقنى بەزلەيدۇ ۋە بىخۇتلاشتۇرىدۇ. ئۇلار زوراۋانلارغا مەدھىيە ئوقۇغا- نلىرىدا زوراۋانلارنىڭ قەبىھلىكلىرىنى يوشۇرۇپ خەلقنىڭ كۆزىنى بويايدۇ؛ شەھۋانىيلىقنى كۆككە كۆتۈرگەنلىرىدە بولسا، خەلقنى بىخۇتلاشتۇرۇپ،

خەلقنىڭ دىققىتىنى نىجىس، پاسكىنا قىلمىشلارغا بۇرىۋېتىدۇ؛ جىنسىي تەلەپنى غىدىقلاپ، جىنسىيەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، زۇلۇمنىي ھېس قىلمايدىغان، زوراۋانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ «خۇدۇڭنى بىلىپ يۈر! بۇيەردە بىزمۇ بار» دېيەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

قۇرئان تىلى بولغان ئەرەب تىلىنى يوقىتىش ئۈچۈن، مىسىر ۋە مىسىر ئەتراپىدىكى جايلاردا يەرلىك ئاۋام تىلىنى ئىشلىتىش تەرغىب قىلىندى.

ئەنگىلىيىلىك سوتچى ۋولمور 1902 ـ يىلى «قاھىرە تىلى» ناملىق كىتابنى يېزىپ بۇ تەرغىبنى باشلىدى. ئەنگىلىيىلىك ئىنژېنىر ۋىلىيام ۋىلكوكىس 1926 ـ يىلى ئىنجىلنى ئاۋام تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ۋولمورغا ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ مىسىردىكى قۇيرۇقچىلىرىدىن سەييىد ئەھمەد لۇتفى، سەئىيد ئەقلي، ئابدۇلئەزىز فەھمى قاتارلىقلار ئۇلارغا ئەگەشتى. ئەھمەد لۇتفى يېڭى زامان ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ تىرىلدۈرگۈچىسى بولۇپ، ئۇ، ئەرەب تىلىنى مىسىرلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ ئادەم ئەرەب تىلى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇۋالغان. سەئىيد ئەقلي لىۋىيىلىك شائىر بولۇپ،

① سەييىد قۇتۇپ «شاللاق ئەدەبىيات»

ئۇ «يارا» ناملىق بىر كىتابنى لاتىن يېزىقىدا يېزىپ چىققان. ئۇ ھازىر لىۋىيە جەدىدىزم پارتىيىسىگە رەئىس بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ، راھەتپەرەسلەر ئىلاھىنىڭ نامى بولغان «مەلكارت» نامىدا بىر ژۇرنال چىقاردى. ئۇ،

ئەرەب ۋە ئەرەب تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى، ئەرەب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن چىكىنىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدۇ. ئابدۇلئەزىز فەھمى ئەرەب تىل جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇئەرەبچىنى لاتىن يېزىقىدا يېزىشنى تەشەببۇس قىلغانلارنىڭ بىرى.

ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغىمۇ دەۋرىمىز قولايلىقلىرىغا ماس كەلمەيدۇ، ھەم تەس دېگەندەك باھانىلەر بىلەن قارشى تۇرۇلدى. قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بىرى تاھا ھۈسەيىن. ئۇ، **1955** ـ يىلى سۆزلىگەن بىر لېكسىيىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «گىراماتىكا ئۆگىنىش مۇتەخەسسىسلەرگە نىسبەتەن بىر ياخشى ئىش بولسىمۇ، بىراق **20** ـ ئەسىردىكى ياشلارغا گىراماتىكىنى تېڭىش تامامەن ئەخمىقانىلىقتۇر.»

شۇنىڭدەك ئەرەبچە شېئىرلارغىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلىندى. ۋەزنى ۋە قاپىيەلەرنى تاشلىۋېتىش تەشەببۇس قىلىندى. ئۇلارنىڭ دەۋا قىلىشىچە، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى سەجئىي ياكى قاپىيە بىلەن چەكلىگەنلىك ئەخمەقلىقتۇر. بۇنى تۈنجى بولۇپ تەشەببۇس قىلغىنى بەدىر شاكىر سەيياب. بۇ قاراشتىكىلەردىن نەززار قۇربانى، مەھمۇد دەرۋىش، سەمىھ قاسىم قاتارلىقلار بار.

شەرىئەت مەنبىيىگە شۈبھە پەيدا قىلىش جەڭلىرى باشلاندى. بۇ جەڭنى تاھا ھۈسەيىن جاھىلانە شېئىر كىتابى بىلەن باشلىدى. ئۇ، بۇكىتابىدا قۇرئاننىڭ ئىلاھىيلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇپ: «مەدىنىدە

نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ سەزگۈرلىكى مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەرەب ئەشئارلىرىغا يەھۇدىيلار تەسىر كۆرسەتكەن» دەپ دەۋا قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇنىڭ ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان يەھۇدى ئۇستازى دوركايمنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

تاها ھۈسەيىن ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈكلىكىگە باھا بېرىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى تەنقىد قىلىشقا قىزىقتۇردى. تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ: «دىن زېمىندا پەيدا بولغان، ئاسماندىن چۈشمىگەن» دەپ دەۋاقىلدى.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش بىلەن باشلاندى. سىز ئۇنىڭ سىيرەت توغرىسىدا دىن نامىدا يازغان كىتابلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئوپئوچۇق كاپىرلىقىنى بايقايسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىمۇ بۇزغۇنچىلىق ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ئۇلار سەھىي ھەدىسلارغا شۈبھە پەيدا قىلماقچى بولدى. ئەبۇ رىيا «مۇھەممەدنىڭ ھەدىسلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە» نامىدا بىر كىتاب چىقاردى. سالىھ ئەبۇ بەكرى «بۇخارىينى ئىسرائىلىيات (يەھۇدىي قىسسىلىرى) دىن تازىلاش» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ ئەبۇ رىياغا ئەگەشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئەبۇ ھۇرەيرىگە تىل تەگكۈزدى. ئۇلار يەنە

قۇرئاندىن قالسا ئەڭ سەھىي ھەدىس كىتابىنى بۇزۇشقا قول ئۇزاتتى. ئابدۇلۋارىس كەبىرنىڭ قەلىمى بىلەن «بۇخارىينى قايتا كۆرۈپ چىقىڭلار! بۇخارىيدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى سەھىي ئەمەس» دەپ يېزىلدى. بىراق ئۇلۇغ الله ئۆز دىنىنى قوغدايدىغان، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

شۇنىڭدەك يەنە ئىسلام تارىخىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىندى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىرەسمىي مەسلىھەتچىسى فىيلىب، بىروكلىمان، جورجي زەيدان قاتارلىقلار، بولۇپمۇ شەرىقشۇناسلار ئىسلام تارىخىنى قارىلاپ، ئىسلام تارىخىنى ماتېرىيالىزىملىق نوقتىئىنەزەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئىسلام تارىخى توغرىسىدا شۈبھە پەيدا قىلدى. قۇستەنتىين زەرىق «ئىسلام تارىخىنى ماركسىزىمچە چۈشەندۈرۈش» نامىدا بىر كىتاب يازدى.

ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق مەسىلىسگە كەلسەك:

يەھۇدىيلار ئۆسۈم شەكلىدىكى بانكىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى قاقتى-سوقتى قىلىپ قان تەرلىرىنى شورىدى. ئىستىراخۇۋانىيە شىركەتلەرنى قۇردى. جىنسىيەت ئارقىلىق پۇل تېپىش ئۈچۈن تىياتىرخانا، شوپاڭخانالارنى ئاچتى. كىشىلەرنىڭ قېنىنى شوراشقا لازىم بولىدىغان بارلىق چارىلەرنى تولوق ئىشقا سالدى. گىرىمخانا، پەردازخانىلەرنى؛ قاۋاقخانا، قىمارخانىلەرنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭغا بىر مىسال: كۆڭۈل ئېچىش شەھرى موناكودىكى بىر

قىمار ئۆستىلىدە بىر كېچىدىلا 36مىليون بەشيۈزمىڭ فوندستېرلىڭ ئۇتتۇرۇۋەتتى. يەھۇدى قىساسچىلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ زاكالەت نامى بىلەن تۇتۇپ قىلىپ، ئىگىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان ماللىرى تېخىمۇ كۆپ. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بىرى ئامېرىكىدىكى بىر ساياھەت ئارىلىنى 17مىليون دوللارغا سېتىۋالدى. خەلقئارالىق ۋە يەرلىك لاتارىيە بىلەتلىرى پۇل تېپىشنىڭ يەنە بىر ئەپچىل چارىسى بولۇۋاتىدۇ. ئوقۇ-ئوقۇتۇش مېتودلىرى ۋە تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك: ھازىرقى مېتودلار ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى سۇسلاشتۇرىدۇ ۋە بەلكى نابۇت قىلىدۇ. دىنغا قارشى تۇرۇپ ئىنسان بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم توساق پەيدا قىلىدۇ. ياۋروپادا چېركاۋ دائىرىلىرى بىلەن خەلقئارا يەھۇدى قىساسچىلىقىنىڭ تۆرەلمىلىرى بولغان دارۋىن، فروئىد، نىتشە قاتار-لىقلار ئوتتورىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولغاندىن باشلاپ دىنى يۈزلىنىش تەسىرگە ئۇچرىدى. ناھايەت دىن ئەمەلى تۇرمۇشتىن يىراقلاشتۇرۇلدى. كىشىلەر يەھۇدي ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

يەھۇدىيلارنىڭ ئىككىنجى ئەھدىنامىسىدە مۇنداق دېيىلدى: «بىزنىڭ جاكارلىغانلىرىمىزنى قۇرۇق سۆز دەپ ئويلاپ قالماڭلار! ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، دارۋى-ن، ماركس ۋە نىتشەلەر بىزنىڭ پىلانىمىز بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يەھۇدىيلاردىن باشقا مىللە-تلەرنىڭ ئىلىم-پەن يۈزلىنىشلىرىدە كۆرۈلىۋاتقان

دىنسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق ئالامەتلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ باردۇ.»

مېتود بەلگۈلىگۈچىلەر ياۋرۇپاغا تەقلىد قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوچۇق جاكارلىدى. سەللامە مۇسەل ئۆزىنىڭ «بۈگۈن ۋە ئەتە» ناملىق كىتابىدا: مىسىر ياۋروپانىڭ بىر قىسمى، ئافرىقىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس دەپ جار سالدى. تاھا ھۈسەيىن ئۆزىنىڭ «مىسىرنىڭ كەلگۈسى مەدەنىيتى» ناملىق كىتابىدا سەللامىگە ئەگەشتى.

ئەنگىلىيلىك مىسسىيئونىر دانلوب مىسىرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش پىروگىراممىسىنى تۈزۈپ، ئۆزى بىۋاستە ئىجرا قىلدى. دانلوبقا برىتانىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى كرومىر ئارقا تېرەك بولدى.

باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ مىسىرنى دورىدى. الله نىڭ دىنىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش پىروگىراممىلىرىدا ھېچقانداق نىسىۋىسى بولمىدى. كرومىر مەككارلىق ۋە ساختىپەزلىك قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى مىسىر شەرىئەت ئىنىستىتوتىنىڭ دەرس پىروگىراممىلىرىنىمۇ ئۆزى تۈزدى.

توققوزىنجى ئەھدىنامىدە مۇنداق دېيىلدى: «بىز ماسونىلارنىڭ شۇئارىمىز: ‹ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، بۇرادەرلىك›. بىز بۇ شۇئارلىرىمىزنى ئالماشتۇرمايمىز. بەلكى بۇ شۇئارلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۇقۇمۇشلۇق قىلىش ئۈچۈن، ‹ئەركىنلىك ھوقۇقى، باراۋەرلىك مەجبۇرىيتى، بۇرادەرلىك ئىدىيىسى› دەيمىز. بۇ ئارقىلىق مەسلىنىڭ ئەجەللىك يېرىنى تۇتۇۋالىمىز-

دە، بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىزدىن باشقا ھەرقانداق ھاكىمىيەتنى ۋەيران قىلىمىز. گەرچە قارىماققا باشقا ھاكىمىيەتلەرمۇ مەۋجۇتتەك قىلسىمۇ بۇ چاغدا بىر ھۆكۈمەت بىزگە قارشى چىقسا، بۇ پەقەت بىزنىڭ قوشۇلۇشىمىز ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز بويىچە بولۇۋاتقان شەكىلۋازلىقتىن ئىبارەت، خالاس.

مەن بۇگۈن ئىشەنچ بىلەن شۇنى جاكارلەيمەنكى، بىز قانۇن تۈزگۈچىلەر، ھۆكۈمەتلەرنى كونترول قىلغۇچىلار، قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلغۇچىلارمىز.

شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ كۆز تىكىدىغانلىرىمىز چەكسىز، ئىشتىھايىمىز چوڭ، ئۆچ ئېلىشىمىز شەپقەتسىز، دۈشمەنلىكىمىز چوڭقۇر. بىز تېرورىزىمنىڭ تەگ مەنبىيى. بىز ھەرقايسى ئىزىملار ۋە پارتىيە ـ گورۇھلار ئىچىدىن بىر مۇنچە كىشىلەرنى خىزمىتىمىزگە سالىمىز. پادىشاھلىق مەستانىلىرى، سوتسىيالىز ـ ىمچىلار، كوممونىزىمچىلار، فارابي تەسەۋۋۇرلىگەن خيالي دۆلەت قۇرۇش چۈشىنى كۆرگۈچىلەرنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشەك ئېيتىپ مىنىمىز. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزگە خاس ئۇسۇل بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى سورىۋېتىدۇ. ئۆزىدە بار بولغان قانۇنلارنى پاچاقلىماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتلەر قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. تىنچلىق ئۈچۈن بىزدىن شەپقەت تىلەيدۇ. بىراق بىز ئۇلارغا ھۆكۈ ـ مىتىمىزگە يېلىنمىغىچە تىنچلىق بەرمەيمىز.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆسمۈرلىرىنى كولدۇر ـ لىتىپ، ساختىلىقنى ئۆزىمىز بىلدىغان پىرىنسىپلارنى

ئۇلارغا ئۆزىمىز ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى چىرىتتۇق. شۇلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپمۇ، شۇ قانۇنلارغا قانۇن تۈزگۈچىلەر مەقسەت قىلمىغان غەيرى ئىزاھاتلارنى بېرىش ۋە ئازراق بۇرمىلاش ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.»

يەھۇدىيلار تۆتىنچى ئەھدىنامىنىڭ 141-بېتىدە مۇنۇلارنى ئوچۇق جاكارلىدى: «بىز خرىستىئانلارنىڭ كاللىسىدىن الله دېگەن ئۇقۇمنى تارتىپ ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېساب-كىتاب ۋە ماددىي زۆرۈرىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىشىمىز كېرەك.»

ئون تۆتىنچى ئەھدىنامىنىڭ 184-بېتىدە مۇنداق دېيىلدى: «بىز بارلىق دىنلارنىڭ ئەقىيدىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ نەق پايدىسى دىنسىزلارنى كۆپەيتىشتۇر.»

سىياسىي جەھەتتىكى بۇزۇقچىلىقلار مەسىلىسىگە كەلسەك:

بۇ جەھەتتىكى بۇزۇقچىلىق ھەممە بۇزۇقچىلىقنى بېسىپ چۈشىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى زامان ئەمەلدارلىرى توغرىسىدا ئېيتقاندەك، پۈتۈن يەرشارى يارىماسلارنىڭ قولىغا قالدى. ئەنەس ئىبنى مالىك (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن رىۋايەت قىلىنغان مەرپۇئ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «دەججال چىقىشتىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ئالدامچىلىق كەڭرى تارقىلىدۇ. ئۇ زامانلاردا راستچىل يالغانچى، يالغانچى راستچىل، ئىشەنچلىك كىشى

خائىن، خائىن ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدۇ. يارىماسلار جاھاننى بىشىغا كىيىدۇ.

-يارىماسلار كىملەر؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئومۇمنىڭ ئىشىغا مەسئۇل پاسىق دەپ جاۋاب بەرگەن.»

تەبەرانىي «ئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا سەئىد ئىبنى جۇبەير يولىدىن ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ مۇنۇ مەرپۇئ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پاھىشە ۋە بىخىللىق ئاشكارىلانماي، ئىشەنچلىك كىشى خائىن، خائىن ئىشەنچلىك دەپ قارالماي، ئالىيجانابلار ھالاك قىلىنىپ، چۈپرەندىلەر ھوقۇق تۇتماي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ساھابىلەر: ئالىيجانابلار ۋە چۈپرەندىلەر كىملەر دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئالىيجانابلار ئابرويغا لايىق كىشىلەر؛ چۈپرەندىلەر كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەپ يۈرىدىغان كىشىلەر دەپ جاۋاب بەرگەن.»

بۇخارىي ئۆزىنىڭ ئىسنادى بىلەن ھۇزەيپەتۇل يە-

---

① فەتھۇل بارىي 16-جىلد 121-بەت

مانىيدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ھۇزەيپە(اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا-مدىن سورايدۇ: «ئاشۇ ياخشىلىق (يەنى ئىسلامنىڭ كەڭ تارقىلىشى) دىن كېيىنمۇ يامانلىق بولامدۇ؟

-ھەئە دوزاخقا چاقىرغۇچىلار بولىدۇ، كىمكى ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشسا، ئۇلار ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇ، دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ.»

ھۇزەيپە: بىزگە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ بەرسىلە!

دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئۇلار بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىققان، بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن سۆزلەيدىغان ئادەملەر.... دېگەن.»

ئىسلام شەرقىنىڭ بۆزۈلۈش مەسىلىسىگە كەلسەك: بۇھەقتە گەپ تولا. زېمىن پارچىلاندى، ۋەتەن سېتىۋېتىلدى، يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ پىلانى تولۇق ئىجراقىلىندى. ئىسلامغا زەربە بېرىلدى. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بىخلىرىغا ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىك قىلىندى. مۇسۇلمانلار گورۇھ ۋە پىرقەلەرگە بۆلۈندى. ھەر پىرقە ئۆزىنىڭكىنى راست دېدى. مىسىردا فىرئەۋنچىلىك خاھىشى باش كۆتۈرگەندىن باشلاپ جاھىلانە يۇرتۋازلىق نەرىلىرى تارتىلدى.

روكفىللىر مىليۇنلىغان جۇنەيھلەرنى چىقىم قىلىپ، مىسىردا فىرئەۋن مۇزىيى ۋە ئىنستىتوتىنى قۇرۇپ چىقتى.

يونىسكو «ئەبۇ سىمبۇل ئىبادەتخانىسى» نى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىقتىساد توپلىدى. ئۇلار «شىر تەنلىك ئادەم» ھەيكىلىنى پوچتا ماركىلىرىغا باستى. بۇ ھەيكەلنى ھەيكەلتىراش مەھمۇد مۇختار مىسىرنىڭ قەد كۆتۈرىشىگە سىمۋول ھەيكەل قىلدى. ئۇنىۋېرسىتېت فاكۇلتېتلىرىنىڭ ھەر بىرى فىرئەۋنىيلەرنىڭ بىرەر بۇتىنى ئۆزىنىڭ شۇئارى قىلدى. ئەرەب مۇسۇلمان غازىيلىرى يۇنان، ۋە رىم باسمىچىلىرى بىلەن بىر قاتاردا قويۇلدى.

مەرقەس پاشا مۇنداق دېدى: «قىبتى دېگەن

سۆزنىڭ مەنىسى مىسىرلىق دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك: ھەممىڭلار قىبتىيلار، ھەممىڭلار قەدىمىي مىسىرلىقلار-نىڭ نەسلى.»

لىۋان ۋە ئىراقنىڭ ئەشۇرىيە ۋە كەلدانىيە قاتارلىق جايلىرىدا راھەتپەرەسلىك تەشەببۇسى ئوتتورىغا چىقتى. ئارقىدىنلا ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچى نامى بىلەن ئاتىۋالغان خىرىستىئان تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەرەب مىللەتچىلىكى باش كۆتۈردى.

مىللەتچىلەرنىڭ داھىيسى ئامېرىكىلىق ئوقۇتقۇچى قۇستەنتىين زەرىيق ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى جورجى ھەبەش، ئەنگىلىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ئادىمى لاۋرانسىبمۇ ئەرەب مىللەتچىلىكىنى تەرغىب قىلغۇچىلا-رنىڭ بىرى. ئۇ، ئۆزىنىڭ «يەتتە تۈرلۈك پىلان» ىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتىم. ھىجازغا كەلمەي تۇرۇپلا ئەرەب مىللەتچىلىكى تۈركىينى پارچىلىۋېتە-لەيدۇ دەپ قارايتتىم.»

مەزكۇر رايوندا مىللەتچىلىك ئىدىيسىنى پەيدا قىلغۇچى، يەھۇدىي دەپ گۇمان قىلىنغان ئارسوزي ئاقلاندى.

ئانتون سۇئاد، گوركى ئابدۇل مەسىھ رەھبەرلىك قىلغان سۈرىيە مىللەتچىلەر پارتىيىسى، يەھۇدىيلار رەھبەرلىك قىلغان كوممۇنىستىك ھەرىكەتلەر ۋە سوتسىيالىستىك تەشەببۇسلار ۋە دۇنيا قاراشلار ئالقىشلاندى.

ئىراندا پارس مىللەتچىلىكى باش كۆتۈردى.

شۇنداق قىلىپ ئىسلام شەرقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى مىللەتچىلىك پارچىلىۋەتتى.

ئۇستاز ئابدۇللاھ تەل ئۆزىنىڭ «ھازىرقى بوغۇنلار ۋە رىيائىللىق يەھۇدىي ئەھدىنامىلىرىنىڭ جانلىق ئىپادىلىرىدۇر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «يەھۇدىي قىساسچىلىرى ئەھدىنامىلىرىنىڭ راستلىقىغا بولغان ئەڭ چوڭ پاكىت ـ ئەھدىنامىدىكى ئىبلىس تەلىماتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدۇر.»

1 ـ پۈلنىڭ نوپۇزى دىنىنىڭ نوپۇزىنى بېسىپ چۈشتى. دۇنيا مىقياسىدا خىلمۇ ـ خىل پارتىيىلەر پەيدا بولدى. شاللاقلىق، پاسىقلىق، ساتقىنلىق، قارىچىلىق، ساختىپەزلىك كەڭ يامىرىدى. يەھۇدىيلارنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى چوقۇنغۇچىلىرى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە بۇرادەرلىكنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولدى. ۋەھالانكى بۇلار بىرىنجى ئەھدىنامىدىكى پىلانلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

2 ـ قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەملەر ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىۋېتىلدى. باتۇر، راستچىل، ئىمانى بار ئۇلۇغ كىشىلەر ئەكسىيەتچى، يولدىن چىققان ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ جاسۇسلىرى دەپ قارالدى. چۈشكۈنلەشكەن، نامەرد، يالغانچى دەھرىي ئوغرىلار ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان؛ ئىلغار ئىنقىلابچى بولۇۋالدى. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى: مۇھىم ئىشلارغا لاياقەتسىز ناباب ئادەملەر قويۇلدى. بۇلار بولسا ئىككىنجى ئەھدىنامىدىكى پىلانلار ئىدى.

3 ـ دۇنيا مىقياسىدا ھەرقايسى پارتىيە ـ گورۇھلار

ئۆز ـ ئارا ھوقۇق تالىشىپ پۈت تېپىشتى. جاپاكەش ئەمگەكچىلەر قايمۇقتۇرۇلۇپ، خەلق ھوقۇق مەنبەئى دېيىلدى. باشقا سىنىپلار باستۇرۇلدى. بۇلار بولسا ئۈچىنجى ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

4 ـ دۇنيا مىقياسىدا بارچە خەلق يەھۇدىيلارنىڭ خەزىنىلىرىنى بېيىتىدىغان سودا ـ تىجارەتكە پۈتۈن دىققىتىنى بۇرىدى. پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆچ ئاداۋەتلەر پەيدا بولدى. جەمئىيەت چاك ـ چېكىدىن بۇسۇلدى. ماددىي مەنپەئەتكە كەلگەندە دىن ۋە ئەخلاق ھېچنەرسىگە ئەرزىمىدى. بۇ، تۆتىنچى ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

5 ـ يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ شايكىلىرى دىن دائىرىلىرىگە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ مۇقەددەسلىك مۇھاپىزەت كۈنلۈكىنى ئېلىۋېتىشتە مۇۋەپپىقىيەت قازاندى. يەھۇدىيلارنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتىغا ئەگىشىپ، دىندىن چىققۇسى كەلگەن ئادەتتىكى بىر سىياق دىن دائىرىلىرىگە ھاقارەت قىلالايدىغان بولدى. بۇ، بەشىنچى ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

6 ـ ئىشلەپچىقىرىش كاشىلىغا ئۇچراپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسى ئۆسسە، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش ۋەدىسى بىلەن ئاۋام ئىشچىلار ئالداندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋەيران بولدى. ئىشچىلار غەملىرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ھاراق ئىچىشكە قىزىقتۇرۇلدى. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئالتىنچى ئەھدىنامىدىكى پىلانى ئىدى.

7 ـ يەھۇدىيلار ھەر قايسى دۆلەت ۋە قىتئەلەر

ئوتتۇرىسىدا پىتنە-پاسات پەيدا قىلىش، چوڭ-كىچىك ھەممىنى گۇمران قىلغان، مىلياردلىغان ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىققان «ئۇرۇش ئوتلىرىغا ياغ چېچىش» تا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ يەتتىنچى ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

**8** - يەھۇدىي مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلار سىياسەت، ئىدېئولوگىيە، ئىقتىسادىي ساھەلەرگە باشچىلىق قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان بۇ نىجىسلار ئۆزخەلقى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمىدى. نەتىجىدە يەھۇدىيلار ئۇلارنى تېخىمۇ ئاسان كونترول قىلدى. بۇ، سەككىزىنچى ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

**9** - ئەركىنلەشتۈرۈش باھانىسى بىلەن باشباشتاقلىق يامرىدى، قانۇن قارىلاندى، نەشر ئەپكارلىرى كونترول قىلىنىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش نۇقتىلىق باشقۇرۇلدى. يەھۇدىي ئەۋلادلىرىدىن باشقا ئەۋلادلار بۇزۇلدى. بۇزۇق نەزەرىيە ۋە پرىنسىپلارغا چۆكتۈرۈۋېتىلدى. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ توققۇزىنچى ئەھدىنامىسىدىكى پىلان ئىدى.

**10** - يەھۇدىي ئائىلىلىرىدىن باشقا ئائىلىلەر پاراكەندە قىلىندى. ئائىلىنىڭ مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى يوققا چىقىرىلدى. يەھۇدىيلار غەربلىك دىلى كورلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، ئىجرا قىلىش ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلارنى ئازسانلىق پارىخور بۇزۇقلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق كونترول قىلدى. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئونىنچى

ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

11 ـ يەھۇدىيلار دۇنيادىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ، بولۇپمۇ دىلى كور غەربلىكلەرنىڭ ئاخبارات ـ تېلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. يەھۇدىي قىساسچىلىرى ـ ىغا خىزمەت قىلىدىغان ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى توغرا پىكىرلىك نەشىر ئەپكارلىرىغا غەرەزلىك رەددىيە بەردى. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئون بىرىنچى ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

12 ـ يەھۇدىيلارنىڭ ئالدامچىلىقلىرى سەۋەبلىك ئالىملارنىڭ دىققىتى ھەقىقەتتىن بۇرالدى. ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن خەلق كاشىلا قىلىندى. شاللاق، شەھۋانىي جىنسىيەت فىلىملىرىنى قويىدىغان كىنو ـ تىياتىرخانىلار شۇ دەرىجىدە كۆپەيدىكى، پۈتۈن دۇنيا يەھۇدىي پاھىشلىرىنىڭ ئالىقىنىدىكى پاھىشخانىلارغا ئايلاندى. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئون ئىككىنچى ئەھد ـ ىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

13 ـ يەھۇدىيلار ئىسلام دىنىدىن ياكى خىرىستىئان دىنىدىن يېنىۋالغان سان ـ ساناقسىز دىنسىزلارنى كۆپەيتىشتە ئۇتۇق قازاندى. ئىسلام دىنى ۋە خىرىستىئان دىنىنى تۈگىتىپ، يەھۇدىي دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇلارنىڭ ئۆز پىلانىنىڭ ئەمەلىي ئىجراسى ئىدىغۇ! بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئون ئۈچىنچى ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

14 ـ دۇنيا مىقياسىدا ماسونىيلار يىغىلىشلىرىنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. مەقسەت: بىرىنچى

قەدەمدە ماسونى ئەمەسلەرنى يغىشتۇرۇش، ئىككىنجى قەدەمدە ئەھمىيتىنى يوقاتقان ماسونىيلارنى ئۈن ـ تىنسىز تۈنجۇقتۇرۇش. بۇ، يەھۇد ـ يىلارنىڭ ئون بەشنجى ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

15 ـ يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ياللانمىلىرى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا، بولۇپمۇ، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئەرەب ئىسلام ئەللىرىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئاساسلىرىنى يوققا چىقاردى. ئەرەب ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى يەھۇدىي مىسسىيئونىرى دانلوب 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىزغان لايىھەنىڭ ئۆزئەينى كۆچۈرۈلمىسى بولدى.

ئەزھەر، مەدىنە ۋە مەككە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن باشقا بارلىق ئەرەب ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلماستىن، بەلكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي مىسسىيئو ـ نىرلار ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى دىنسىزلىق ۋە ئەلمانىي ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ۋەكىللىك قىلىۋاتىدۇ. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئون ئالتىنجى ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

16 ـ يەھۇدىيلارنى خرىستىئانلارنىڭ دۈشمىنى دەپ ئەيىبلەپ كىلىۋاتقان ۋاتىكان پاپاسىنىڭ راۋىقىغا يەھۇدىيلار قول تىقتى. يەھۇدىيلار پاپا راۋىقىنى دۆم كۆمتۈرۈپ، بۇ راۋاقنىڭ ئورنىغا يەھۇدىي ئوردىسى سالماقچى بولدى. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئون يەتتىنجى ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

17 ـ يەھۇدىيلار ئۆز خەزىنىلىرىنى دۇنيا خەلقىنىڭ

بايلىقلىرى بىلەن بېيىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قەرىزگە بوغدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پاي-چەك بولۇش، زايوم تارقىتىش ۋە ئاكسىيە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ دۇنيانىڭ بايلىقىنى ئىگەللىدى. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ يىگىرمىنجى ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى ئىدى.

ئالتۇننىڭ دۇنيانىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەشتە ئويناۋاتقان رولىنى كۆرىۋاتىمىز. يەھۇدىيلار نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئالتۇنغا چوقۇنغان ئىدى. ئۇلار ھىلىھەم ئۆزلىرىنىڭ شۇم نىيەتلىرىگە، ئاچكۆزلۈ-كلىرىگە، ئۆچ-ئاداۋەتلىرىگە يول قويمايدىغان دۆلە-تلەرنى ۋەيران قىلىشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالتۇن دۆۋلەۋاتىدۇ.

بۇرادەرلەر! 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىقىر-ىلغان يەھۇدىي قارارلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئەمەلىيلىشىشى شۇقارارلارنىڭ ئالدىنئالا چىقىرىلغانلىقىغا ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەھۇدىيلارنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى خۇي-پەيلى، يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەتلىرى ۋە پىلان لايىھىلىرى «بال قۇرۇلتىي» دا ئۇلارنىڭ كاززاپ داھىيسى ھىرتىزىلىنىڭ ئالدىدا بۇ شەيتانىي قارارلارنىڭ چىقىرىلغانلىقىغا ئەلۋەتتە يېتەرلىك پاكىتتۇر.

## ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ كارتىنىسى

مەرھۇم شېھىد سەييىد قۇتۇب ئىسلام شەرقى دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ جەمئىيەتنى ئاجايىپ ياخشى تەسۋىرلىگەن. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن كۈندە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى پىرقىرىتىۋاتقان باش قېيىشنىڭ

تەسىرگە ئۇچرىمىغان ئاقىللار بۇ بىچارە ئادەملە ـ رگە قارىسا شۇنى كۆرىدۇكى، ئۇلار ئىدىيە، قانۇن ـ تۈزۈم، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە قارىغۇلارچە ئىش قىلىۋاتىدۇ؛ بىنورمال ئادەملەردەك كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلاۋاتىدۇ؛ جىن چىپىلىپ قالغان ساراڭلاردەك دەلدۈگۈنۈپ، پەيلىرى تارتىشىپ قېلىۋاتىدۇ؛ ئەلەمگە چىدىماي ئىڭراۋاتىدۇ؛ قوغلانغا ـ نىدەك مىڭىۋاتىدۇ؛ ساراڭدەك كۈلۈۋاتىدۇ؛ مەستتەك جۆيلۈۋاتىدۇ؛ قايىسىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتىدۇ؛ فانتازىيەنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداۋتىدۇ؛ ئەڭ قىممە ـ تلىك نەرسىلىرىنى چۆرۈۋېتىپ، ئەڭ پاسكىنا نەر ـ سىلەرنى ئېلىپ قېلىۋاتىدۇ. لەنەت... مىڭ لەنەت... خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك، مۇشۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەتراپىدا بۇخىل گاڭگىراشتىن، ئىسەنكىرەشتىن نەپ ئالىدىغان بىر توپ ئادەملەر بار. بىر توپ جازانىخور ـ لار، فىلىم ئىشلىگۈچىلەر، مودا كىيىم سودىگەرلىرى، مۇخبىرلار ۋە يازغۇچىلار بار. گاڭگىراش، قايمۇقۇش، ئىسەنكىرەش سەللا پەسەيسە، بىر توپ ئادەملەر «تەرەققىيات»، «ئالغا ئىلگىرىلەش»، «يېڭىلىق يارىتىش»، «چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىق» دەپ ۋارقىرايدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىلىنغان قەبىھ زىيانكەشلىك، مۇشۇ بىچارە ئەۋلادلارغا قىلىنغان ئېغىر جىنايەت.»

يەرشارىنىڭ ھېچقانداق بىر رايونى بۇزۇلۇش ۋە چۈشكۈنلىشىشتىن خالىي قالمىدى. ﷲ خالىدقا رەھمە قىلسۇن! بىر كىشى ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ سۇلايمان،

اللہ تىن قورقۇن! پىتنە پەيدا بولدى» دېگەندە، ئۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب تىرىك چاغدا پىتنە بولمايدۇ، ئۆمەر دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنلا پىتنە پەيدا بولىدۇ، كىشىلەر پىتنە ـ پاسات يوق جايلارنى ئىزدەپمۇ تاپالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

«ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» 90 ـ بەت

ئەھمەد ۋە تەبەراني ياخشى ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

# ئىككىنجى پەسلى

## تەشكىللىنىشنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى

### 1 ـ بەھىس: نىجاتلىقنىڭ بىردىنبىر يولى دەۋەت قىلىش

بۈگۈن كۈندە ئەنە شۇنداق بۇزۇلغان، چۈشكۈ ـ نلەشكەن ۋە بەختسىزلىك ئىچىدە قېيىنلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىق يولى قەيەردە؟

نىجاتلىق يولى ـ ياخشىغا بۇيرۇيدىغان، ياماندىن توسىدىغان، اللہ نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئېغىر

يۈكلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بىر ئىسلامىي جاما-ئە قۇرۇپ چىقىش. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ اللہ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن!»

بۇئايەت كەرىمدىكى «بولسۇن» دېگەن سۆز پەرزنى ئىپادىلىگۈچى بۇيرۇقتۇر.

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيانكارلىق ئىچىدىدۇر.»

---

سۈرە ئال ئىمران 104 - بەت        سۈرە ئەسرى

دېمەك: قىيامەت كۈنى نىجات تېپىش ئۈچۈن مۇشۇ تۆت سۈپەتنى ھازىرلاش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر سۈرىنى قۇرئاننىڭ ئۈچىنىڭ بىرىگە تەڭ دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. بۇ سۈرىدە دەۋەتنىڭ پەرزلىكىنى بايان قىلغان ئىككى ئايەت قۇرئاننىڭ ئۈچىنىڭ بىرىگە تەڭ بولدى. ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىنى اللہ قا ئىمان ئېيتىش بىلەن تولۇقلىغان، ئەمەلىي ئىقتىدارىنى تائەت-ئىبادەت بىلەن تولۇقلىغان، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كامالەت تاپقۇزغان، ئاندىن ئاشۇ خىسلەتلەرنى تەۋسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۆزگىنى كامالەت تاپقۇزغان، بۇ ئىشلارنىڭ

نگىزى بولغان سەۋرىگە بۇيرۇپ، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە پايدىلىق ئەمەللەر بىلەن ئاخىرەتكە تەييارلانغان كىشىلەر ـ دىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى زىيانكارلىق ئىچىدىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام شاپىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمە قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «ئەگەركىشىلەر ئەسىر سۈرىسىنى ئويلىنىپ كۆرسە ئىدى، بۇ سۈرە ئۇلارغا كۇپايە قىلاتتى.»

بۇ سۈرىدە الله ھەقىقەتنى تونۇش ۋە ھەقىقەتتە سەۋرچانلىق بىلەن چىڭ تۇرۇش ھەققىدە توختىلىپلا بولدى قىلماستىن، بەلكى ئۆز ـ ئارا ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ.

شۇنداق ئىكەن شۇنداق قىلمىغانلار ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، ئەگەر مەن الله قا ئاسىي بولسام، مېنى الله نىڭ ئازابىدىن ھېچكىشى قۇتقۇزالمايدۇ ۋە الله دىن باشقا ھېچ پاناگاھمۇ تاپالمايمەن. مەن پەقەت سىلەرگە الله نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكە قادىرمەن. كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، (ئىمان ئېيتمايدىكەن) ئۇ، دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.»

دېمەك: الله نىڭ دەۋىتىنى كىشىلەرگە يەتكۈزمەي تۇرۇپ نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائە بىلەن بىرگە بولۇشقا بۇيرۇغانلىقى:

ئىبنى ئۇمەر (اللە ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن!) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇمەر كىشىلەرگە نوتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ئى ئىنسانلار! مەن ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرغاندەك تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: مېنىڭ ساھابىلىرىمگە، ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ۋە كېيىنكىلەرنىڭ كەينىدىن كېلىدىغانلارغا ئەگىشىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاندىن كېيىن يالغانچىلىق شۇ دەرىجىدە كەڭ تارقىلىدۇكى، كىشىلەر ئورۇنسىز قەسەم ئىچىدۇ،

ئىبنۇل قەييىم «يىتەرلىك جاۋاب»73 ـ بەت سۈرە جىن 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر

يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى! يات ئەر يات ئايال بىلەن خالي جايدا بولسا، ئۇئىككىسى بىلەن شەيتان بىللە بولىدۇ. جامائە بىلەن بىرگە بولۇڭلار! شۈبھىسىزكى، شەيتان يىگانە كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئىككى كىشىدىن يىراق بولىدۇ. جەننەتنىڭ مەركىزىنى كۆزلىگەن كىشى جامائە بىلەن بىرگە بولسۇن!»

شۇنى مۇلاھىزە قىلىش كېرەككى، جامائە دېگىنىمىز اللە مۇنۇ ئايەتتە تىلغا ئالغان تەقۋادار، بىلىم ئىگىلىرىدۇر: «اللە قا شىرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ

سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئۆتكۈزگەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار بارابەر بولامدۇ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق دەيدۇ: «كۆپ بىلگەنلىك ھەقىقى بىلىم ئەمەس، الله تىن قورقۇش ھەقىقى بىلىمدۇر.» الله مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن الله تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.»

## جەننەت جامائە بىلەن بىرگە بولۇشنىڭ مۇكاپاتى

تىرمىزي رىۋايەت قىلغان ۋە سەھي دېگەن سۈرە زۇمەر 9 ـ ئايەت سۈرە فاتىر28 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى نەقەدەر چىرايلىق ھە!: «جەننەتنىڭ مەركىزىنى كۆزلىگەن كىشى جامائە بىلەن بىرگە بولسۇن! .»

مەزكۇر ھەدىس جامائە دېگەن سۆز بىلەن الله رازىلىقى ئۈچۈن باش قوشۇپ، الله نىڭ دىنى ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلىشتۈرىدۇ. سانى ئاز بولسىمۇ جامائەتتىن شەيتان قاچىدۇ، شەيتان يالغۇز كىشىگە يېپىشىدۇ.

مەزكۇر ھەدىسنىڭ باش قىسمىدا دېيىلگەندەك: بۇزۇلۇش كۆپ بولغان، ناھەقچىلىق كۆپەيگەندە كىشىلەر جامائەگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

جامائە بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

يۇقىرقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن يەر شارىدا الله نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن، جامائە بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئەيىندۇر. چۈنكى دىنىمىزنىڭ كۆپلىگەن ھۆكۈملىرى جامائە بولغاندىلا ئىشقا ئاشىدۇ. كىشى ئىسلامىي جەمئىيەتتىلا الله قا ئەرزىگۈدەك مۇسۇلمان بولالايدۇ. پەرزنىڭ ئورۇندىلىشى بىر ئىشقا قاراشلىق بولسا، شۇئىشمۇ پەرز بولىدۇ. ئىسلام خەلىپىلىكىنى قايتا قۇرۇش، يەر شارىدا تىنىچلىق ئورنىتىش پەرز بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشمۇ پەرزدۇر. الله تائالا مۇنداق  دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار الله دۇر. موئمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئەمرىگە كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇ- چىلاردۇر، كىمكى الله نى، الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە موئمىنلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ الله نىڭ جامائەسىدىندۇر. الله نىڭ جامائەسى ئەلۋەتتە غالىبتۇر.»

دېمەك: الله ۋە موئمىنلارغىلا دوست بولۇش، ئۇلار بىلەن قول تۇتۇشۇش، ۋە ئۇلارغىلا ياردەم بېرىش كېرەك.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار ياردەمدە ۋە مىراستا بىر-بىرىگە ئىگىدۇر. ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەريۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىقلار تۇغۇلىدۇ.»

ئايەت كەرىمدىكى «ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار» دېگەنىنىڭ مەنىسى: كاپىرلار بىرلىشىپ

موئمىنلارغا يويۇرۇلۇپ كەلگەندەك، موئمىنلەرمۇ بىرلەشمىسە پۈتۈن زېمىننى ناھەقچىلىق ۋە پىتنە(كۇپرى) قاپلايدۇ. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، جامائە بىلەن بولۇش ئۈچۈن ئەمىر بولۇش كېرەك، قوشۇن ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ كىشى بىللە سەپەرگە چىقسا چوقۇم بىرىنى ئەمىر قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇڭا ئىسلامي جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇماقچى بولغاندا چوقۇم ئەمىر بولىشى كېرەك!

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەيدۇ: «ئۈچ كىشى بىللە سەپەرگە چىقسا، ئۇلار بىرىنى ئەمىر قىلسۇن.»

① سۈرە مائىدە 55-56-ئايەتلەر سۈرە ئەنفال 73-بەت

## جىھاد ھازىر تابىئىنلار دەۋرىدىكىدىنمۇ بەكرەك پەرىز

تابىئىنلار الله نىڭ دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن جاھان كېزىپ جىھاد قىلاتتى. ۋەھالانكى ئۇلار شەرىئەتنى تەتبىقلايدىغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ سايىسىدا ياشايتتى.

ئۇلار جىھادنى پەرىز دەپ بىلەتتى. شۇنداق ئىكەن، جىھاد بۈگۈنكى كۈنلەردە تېخىمۇ بەك پەرىز. بىز ياشاۋاتقان رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقاندا تولىمۇ زۆرۈر.

جىھاد ئىككى خىل مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەرىز قىلىنغان:

1- مەلۇم بىر رايوندا ئىسلامي جەمئىيەت قۇرۇپ، دىننى بەرپا قىلىش.

2 ـ بۇرايوندىن ھالقىپ چىقىپ پۈتۈن يەر شارىغا دىننى ئومۇملاشتۇرۇش.

الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ۋە الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماي الله نىڭ ئالدىغا بارغان كىشى چوقۇم گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇچ كەلگەندىنمۇ يامانراق، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى زامانىۋي قورال-لاربىلەن قوراللانغان بىر جاھىلىيەتكە دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئەبۇ مۇسا (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىـ

①ئىبنى ماجە، تەبەراني رىۋايەت قىلغان

ىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «جېنىمنىڭ ئىگىسى بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇڭلار! يامان ئىشلاردىن توسۇڭلار! ئەسكىلىك قىلغۇچىنىڭ قولىدىن تۇتىۋېلىپ ئۇنى ھەقىقەتكە قايتۇرۇپ كېلىڭلار! ئۇنداق قىلمىساڭلار، الله سىلەرنى ئۆز-ئارا دۈشمەن قىلىپ قويىدۇ ۋە سىلەرگە بەنى ئىسرائىلغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىدۇ.»

بۇھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: «بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا، داۋۇدنىڭ ۋە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا لەنەت قىلىندى. بۇ، (يەني ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار

ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمە دېگەن يامان ھە!»

## ئەڭ چوڭ ياخشىلىق ۋە ئەڭ چوڭ يامانلىق

ئەڭ چوڭ يامانلىق ئىسلام دىنىنى ھۆكۈمەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىنسانلار تۈزگەن قانۇن بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتۇر. بۇ چوڭ يامانلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن جامائە بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

تەبەراني، تىرمىزي، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان سۈرە مائىدە 78 ـ 79 ـ ئايەتلەر

ئەڭ چوڭ ياخشىلىق قۇرئان كەرىمنى ھۆكۈمرا ـ نلىق ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىشتۇر. بۇ چوڭ ياخشىلىققا باشقىلارنى ھەم بۇيرۇش كېرەك. چۈنكى، ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ھەرقانداق بۇزۇقچىلىق مۇشۇ چوڭ مەسىلىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ياخشى ئىشقا بۇيرۇش پەرزدۇر. ئىمامۇل ھەرەمەين جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئۆلىمالار پەرز دەپ قارايدۇ.»

ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇماسلىق، يامان ئىشلاردىن توسماسلىق، ئىسلام دىنىدا ئېغىر گۇناھتۇر. بۇگۇناھ پەقەت ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسقاندىلا، ئىسلام دىنىغا بويسۇنمايدىغان كىشىلەرنىڭ نوپۇز كۈچىنى يوقاتقاندىلا ئاندىن يۇيۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار ـ نىڭ بۇ پەرزنى ئورونداشقا سەل قارىشى ياخشىلارغا مۇسىبەت، ئاممىغا تالاپەت، جان ـ جانىۋارلاغا ئاپەت ئېلىپ

كېلىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا - قازادىن ساقلىنىڭلار!»

ئەرس ئىبنى ئۇمەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە ئايرىم كىشىلەرنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاۋام خەلقنى جازالىمايدۇ. ئەمما، ئاۋام - خەلق ئايرىم كىشىلەرنى ياخشىغا ئۆزگەرتىشكە قادىر تۇرۇقلۇق ئۆزگەرتمىسە،

① سۈرە ئەنفال 25 - ئايەت

بۇ چاغدا اللە ئايرىم كىشىلەرنىمۇ، ئاۋام خەلقنىمۇ ھالاك قىلىدۇ.»

كىشىلەر سۈكۈت قىلىپ قىلىپ تۇرىۋەرسە، كۆچى يېتىپ تۇرۇقلۇق سۈكۈت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى شەيتان بىر، ئۇلار كۆپتۇر.

ئۇممۇ سەلىمە (اللە ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە گۇناھ - مەئسىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقسا، اللە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب ئەۋەتىدۇ.

- ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى كىشىلەر قالامدۇ؟ دېدىم مەن.

- يوقسۇ، قالىدۇ - دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

- ئاشۇ ياخشىلار قانداق قىلىدۇ؟ دېدىم مەن.

- ياخشىلارغىمۇ باشقىلارغا يەتكەن خاپىلىق يېتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلار اللە نىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىغا

ئىرىشىدۇ، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ.»

ھېكمەتلىك پەندە ـ نەسىھەت بولغان قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئايەت بار: «بۇكىتابتا كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىلەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا اللە لەنەت قىلىدۇ. لەنەت قىلغۇچىلارمۇ ئۇلارغا لەنەت

---

تەبەرابي رىۋايىتى ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

قىلىدۇ. پەقەت تەۋبە قىلغانلار، ئەمىلىنى تۈزەتكەنلەر، بايان قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن. مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇلارغا اللە لەنەت قىلىدۇ، لەنەت قىلغۇچىلارغا قوشۇلۇپ جان ـ جانىۋارلارمۇ لەنەت ئوقۇيدۇ.»

مۇجاھىد ۋە ئىكرەمەلەر مۇنداق دەيدۇ: «لەنەت ئوقۇغۇچىلاردىن جان ـ جانىۋار ۋە قۇرت ـ قوڭغۇزلار مەقسەتتۇر. ئۇلار ھەقنى يوشۇرغان يامان ئۆلىمالار تۈپەيلى ئاچ قالىدۇ ـ دە، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ.»

قۇرتەبي «ئەگەر اللە ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىردە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ.

«ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) نىڭ

دېيىشچە: بۇ ئايەتتىكى جان ئىگىسىدىن جېمىي جانىدارلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇرت ـ قوڭغۇزلارمۇ ئادەملەرنىڭ گۇناھي سەۋەبىدىن ئازاب تارتىپ قېلىشى مۇمكىن». 

يەھيا ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ياخشىغا بۇيرۇپ ياماندىن توستى، يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا «ئۆزۈڭنى بىلگىن! زۇلۇم قىلغۇچى پەقەت ئۆزىگىلا زىيان يەتكۈزىدۇ» دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە

سۈرە بەقەرە 159 ـ 160 ـ ئايەتلەر ئىبنى ماجە رىۋايىتى

بۇنى ئاڭلاپ: «يالغۇز بىر الله بىلەن قەسەمكى، يالغان ئېيتتىڭ. جېنىمنىڭ ئىگىسى بولغان زات بىلەن قەسەمكى، زالىملارنىڭ زۇلمى تۇپەيلى قۇشلارمۇ ئورۇقلاپ ئۇۋىسىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ» دېدى.

## ئىككىنجى بەھس
## مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى ئېغىشى

شەيتان بەزىدە قىسمەن كىشىلەرگە جامائەتتىن ئايرىلىپ ناماز، روزا ۋە نەپلى ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىنى چۈشەنمىگەن، دىنىنىڭ خاراكتېرىنى بىلمىگەن، ياخشىغا بۇيرۇپ ياماندىن توسۇشنىڭ مۇسۇلمانلارنى الله نىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلىدىغان ئاساسلىق ئۇلۇغ ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئادەملەردۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىغا بۇيرۇپ ياماندىن توسىدىغان ئەڭ ياخشى

ئۆمەتسلەر.»

«سلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن!»

تەپسىر تەبەري، پەتھۇل قەدىير، تەپسىر كەبىرلەرگە قاراڭ سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت ئال ئىمران 104 ـ ئايەت

تەبەراني «ئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا جابىر (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) دىن مۇنۇ مەرفۇئ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله پەرىشتىلەر ئارىسىدىن بىر پەرىشتىگە پالانى، پالانى شەھەرنى شەھەر خەلقى بىلەن قوشۇپ دۈم كۆمتۈرىۋەتكىن! دەپ ۋەھي قىلدى. پەرىشتە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇ شەھەردە ساڭا قىلچىمۇ ئاسىيلىق قىلمىغان پالانى بەندە بارغۇ؟ دېگەندە، الله: شەھەر خەلقىنى شۇنىڭ بىلەن قوشۇپ دۈم قويۇۋەتكىن دېدى. ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە: دۈم قويۇشنى شۇ بەندىدىن باشلىغىن! چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى مەن ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ ئۆڭمىگەن دېدى دېيىلگەن.»

ئەبۇ ئۇمەر «تەمھىد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىن بىر پەيغەمبەرگە شۇنداق ۋەھي قىلدىكى پالانى زاھىدقا ئېيتىپ قويغىن: سەن دۇنيادىكى زاھىدلىقىڭ بىلەن راھەت كۆرۈشكە ئالدىرىدىڭ، دۇنيادىن ئۈزۈلۈشۈڭ بىلەن ئىززەت تاپتىڭ، لېكىن مېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققىمنى قانچىلىك ئادا قىلدىڭ؟ زاھىد ئېيتتى: «مېنىڭ ئۈستۈمدە ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ھەققىلىرى

بار؟» اللە ئېيتتى: «بىرەر دوستنى مەن ئۈچۈن تۇتتۇڭمۇ؟ مەن ئۈچۈن بىرەر دۈشمەننىمۇ تۇتتۇڭمۇ؟»

ئىبنۇل قەييىم زىكرى تەسبىھ ئۈچۈن دۇنيادىن ئۈزۈلۈپ، ياخشىغا بۇيرۇشنى تاشلاپ زاھىد بولغان ئاشۇ كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئادەملەر، ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، دىيانىتى ئەڭ سۇس ئادەملەردۇر. اللە ھارام قىلغان ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقا ـ نلىقىنى، اللە نىڭ ھۆدۈدىنىڭ زايا بولۇۋاتقانلىقىنى، اللە نىڭ دىنىنىڭ تەرك ئېتىلگەنلىكىنى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنىڭ تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ غەزەپلە ـ نمەي سۈكۈت قىلغان ئادەمدە قانداقمۇ دىن ۋە ياخشىلىق بولسۇن؟ بۇلار شەيتان گاس قىلىۋەتكەن ئادەملەردۇر. دىننى پەقەت يېمەك ـ ئىچمەكلىرى، ھوقۇق مەنسەپلىرى دەخلى ـ تەرۈزگە ئۇچرىمىسلا، دىنغا قارشى بولۇۋاتقان ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدىغان ئادەملەرلا چىرىتىدۇ. ئۇلار اللە نىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، اللە نىڭ غەزىپىگە يولوققانلاردۇر. ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا دۇنيادا ئەڭ چوڭ بالاغا گىرىپتار قىلىنغانلاردۇر. ئۇ چوڭ بالا دىللىرىنىڭ ئۆلۈشىدۇر. چۈنكى دىل تىرىك بولسا، اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن غەزەپكە كېلەلەيدۇ؛ اللە نىڭ دىنغا تولۇق ياردەم بېرەلەيدۇ.»

تابىئىينلار ئىچىدىن بولغان، كۇفەلىك، ئالىيجا ـ ناب پەقىھ ئامىرىششەئبى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر قانچە ئادەم كۇفەدىن چىقىپ بىر خىلۋەتتە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ئىبنى مەسئۇد

بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ: نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭلار؟ دېدى. ئۇلار: بىز دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر ئىچىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئىبادەت قىلىشنى خوپ كۆردۇق دېيىشتى. ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: ئەگەر ھەممە ئادەم سىلەر قىلغاندەك قىلسا دۈشمەن بىلەن كىم جەڭ قىلىدۇ؟ مەن سىلەرنى بۇ يەردىن كەتكۈزىۋەتمىگىچە قايتىپ كەتمەيمەن.»

الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغىن! دەۋەت بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىدۇر. بىلەمسەنكى، ئۇلار كىشىلەرگە دىن ئۆگىتىشنى خىلۋەت جايلارغا بېرىپ ئىبادەت قىلىشتىن ئارتۇق بىلگەن. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق قىلىشنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدا ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. پەيغەمبەرلەر پەقەت كىشىلەرنى ياخشىلىققا رىغبە ـ تلەندۈرۈش، يامانلىقتىن توسۇش بىلەن جاپا چىكىپ ئۆتكەنلەردۇر.»

ئىمام ئابدۇلقادىر جىيلانىي مۇنداق دەيدۇ: «ئى يەر يۈزىدىكى زاھىدلار! ئىبادەتخانىلىرىڭلارنى بۇزىۋېتىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار! سىلەر خىلۋەت جايلاردا ھېچبىر ئاساسى يوق ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر، قېنى مەرھەمەت.»

ئىبنى تەيمىييەنىڭ جامائە تەشكىللەش ۋە جامائە بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى قارىشى

ئىبنى تەيمىييە جامائە بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدە بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ

سۆزى دېسە، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگىدەك بىر سۆزنى قىلىدۇ. بۇ مەرھۇم زاتنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ باقايلى! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلىدا كىپىل، رەھبەر، باشلىق، بويۇن بولغۇچى دېگەن سۆزلەر ئوخشاش بىر مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

① فەتھى رەبباني73 ـ بەت

سۈرە يۈسۈفنىڭ «ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە مۇكاپات ئۈچۈن بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېگەن ئايەتتە رەھبەر سۆزى كېپىل مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. بىرەر قەبىلىگە باشچىلىق قىلغان كىشى كېپىل بولغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ياخشىلىققا كېپىل بولسا ماختىلىدۇ، يامانلىققا كېپىل بولسا سۆكۈلىدۇ. ئەمما جامائەتتىن ئايرىلىپ چىققان بىرجامائەگە باش بولغان كىشى ئۆز پىرقىسىدىكىلەرنى الله نىڭ ھۆكمى، پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىچە باشقۇرۇپ، نۇقسانسىز توغرا يول تۇتۇپ ماڭغان بولسا ساۋاپ ۋە گۇناھى ئۆزىگە. ئەمما بۇ پىرقىدىكىلەر ئازراق يولسىزلىق قىلسا، مەسىلەن: ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماي ئۆز پىرقىسىدىكىلەرگە يانباسسا، پىرقە سىرتىدىكىلەردىن ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماي يۈز ئۆرۈپ، ئۇلارنى چەتكە قاقسا، بۇ قىلغىنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ئەيىبلىگەن تەپرىقىدۇر. الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىتتىپاقلىققا ۋە جامائە بىلەن بىرگە بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. گۇناھ ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشنى ۋە ھەمكارلىششنى مەنئي قىلىدۇ.»

ئۇلۇغ الله ياخشىغا بۇيرۇشنى مۆئمىنلىق بىلەن

مۇناپىقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدىغان بەلگە قىلدى.
الله مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇير-

«ئىبنى تەيمىييە پەتۋا توپلاملىرى» 11-جىلد 92-بەت.

ۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ. ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋا-لىدۇ. (يەنى بىخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ) ئۇلار الله نى ئۇنۇتتى، الله مۇ ئۇلارنى ئۇنۇتتى. (يەنى الله ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى) شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر.»

الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»

دىن نوقۇل ھالدا، ھارام ئىشلارنى قىلماسلىقلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى، ھارام ئىشلارنى قىلماسلىق بىلەن بىرگە الله تائالاغا خوپ كۆرىلىدىغان ئىلاھى بۇيرۇقلارنى بىجا كەلتۈرۈشتۇر. ۋەھالانكى كۆپلىگەن دىندارلار باشقىلار قىلغانىنىلا قىلىدۇ. جىھاد قىلىش، ياخشىغا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇش، الله رازىلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىچە دىن ھەققىدە قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلىش قاتارلىق پەرزلەرنى ئورۇنداش ياكى ئورۇنداشقا ئىنتىلىش ئۇياقتا

تۇرسۇن، ئورۇنداشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. اللە نىڭ غەزىپىگە ئەڭ يولۇقىدىغان، ئەڭ دىيانەتسىز كىشى مۇشۇ پەرىزلەرنى ئورۇندىمىغان ئادەملەردۇر. گەرچە ئۇلار زاھىد بولۇۋالغان بولسىمۇ،

سۈرە تەۋبە 67 ـ ئايەت سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت

اللە ھارام قىلغان ئىشلار ئۈچۈن غەزەپكە كېلىپ چىرايى ئۆزگەمەيدۇ، تاتارمايدۇ، قىزارمايدۇ. اللە نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە پۇل ـ ماللىرىنى سەرىپ قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئۆمرى قەلبى ۋە تىلى بىلەن جىھاد قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ دەرگاھىدا ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئىرىشكۈچىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

# ئۈچىنچى بەھس
# دەۋەتچىلەرنىڭ ئورنى

بۇ بەھستە بىر قانچە مەسىلە بار:

### 1 ـ مەسىلە: نىجاتلىق يولى

نىجاتلىقنىڭ بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەرلەر (اللە ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن) نىڭ يولىدۇر.

پەقەت پەيغەمبەرلەر ماڭغان يولدا ماڭغاندىلا

ئاندىن يەر شارىدا اللە نىڭ دىنىنى قايتا بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى بىرلا اللە قا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش يولىدا ماڭغان كىشىلەردۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەققەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە ‹اللە قا ئىبادەت قىلىڭلار! شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار!› دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق».

مانا بۇئايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ باش ۋەزىپىسىنى بايان قىلىدۇ؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. بەندىنى يولدىن چىقىرىد- ىغان ھەرقانداق نەرسە، مەيلى ئۇ چوقۇنىلىدىغان نەرسە بولسۇن، ھوقۇقدارلار بولسۇن ۋە ياكى ئىزىقتۇرغۇچىلار بولسۇن ھەممىسى شەيتانلاردۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسگە «مەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار!» دەپ ۋەھي قىلدۇق»

پارىسلارنىڭ ھەربي قوماندانى رۇستەم بۈيۈك ساھابە رەبىيئە ئىبنى ئامىردىن: «نېمە دەپ كەلدىڭلار؟» دەپ سورىغاندا، رەبىيئە ئىبنى ئامىرنىڭ تىلىدىن مۇشۇ مەزمۇندىكى سۆزلەر ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى: «اللە بىزنى ئۆزى خالىغان كىشىلەر- نى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن بىرلا اللە قا ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ تارلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كەڭلىكىگە، تۈرلۈك دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ

ئادىللىقىغا قۇتقۇزۇپ چىقىشقا ئەۋەتتى.»

---

(1) سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت

ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرلىك مۇنۇ سۆزلەر بىلەن باشلاندى: «اﷲ قائىبادەت قىلىڭلار! سىلەرگە اﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر.» ئاندىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەتراپىغا بىرتۇركۇم موئمىنلار ئۇيۇشتى. ئەينى زاماندىكى جاھىلىيەت ئۇلارغا قارشى قوپتى.

ئازغانلار ئازدى، يىقىلغانلار يىقىلدى، دىنىدىن يانغانلار ياندى، دىندا چىڭ تۇرغانلار تۇردى. دىندا چىڭ تۇرغانلارنى اﷲ ئۆز تەقدىرىنىڭ پەردىسى، ئۆزدىنىغا ياردەم بىرىشنىڭ قورالى قىلىپ، ئۇلارغا زېمىندىن ئورۇن بەردى. اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر. بىززنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.»

2 ـ مەسىلە: دەۋەتچىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالىدۇ

اﷲ نىڭ ئىنسانلارغا قىلغان بىر رەھمىتى شۇكى، ھەرقاچان ئىنسانلار يولدىن چىقسا، اﷲ ئۇلارغا دىننى يېڭىلايدىغان ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. تاكى

ئاخىر زامان پەيغەمبىرى كەلگۈچە شۇنداق بولدى.

سۈرە ساففات 171 ـ 172 ـ 173 ـ ئايەتلەر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئەۋەتتۇق. ھەربىر ئۇممەتكە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئۇلارنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ھالاك قىلدۇق. ئۇلارنى (كىشىلەرگە) ھېكايە قىلىپ قالدۇردۇق. ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!»

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ئاخىرلاشقان ۋە ئاسمان ۋەھيىسى ئۈزۈلگەندىن كېيىن الله بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەرگە تاپشۇرغان. «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە شاھىد بولۇشىڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق.»

مۇشۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلار ئىنسانلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىغا مەسئۇل. ئۇلار خۇددى پەيغەمبەرلەر ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈش ھەققىدە ھېساب بەرگەندەك ھېساب بېرىدۇ.

سەھي ھەدىستە «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دېيىلگەن.

سۈرە مۆئمىنۇن 44 ـ ئايەت سۈرە بەقەرە 142 ـ ئايەت ئەبۇ داۋۇد،
نەسەئي، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ئۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنغان مەرپۇئ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچىلەرگە اللە رەھمەت قىلىدۇ. اللە نىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان ـ زېمىن ئەھلى، ھەتتاكى ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلىلەر، دېڭىزدىكى بېلىقلار ئۇلار ئۈچۈن ئىستىغپار تەلەپ قىلىدۇ.»

بۈگۈن كۈندىكى دەۋەتچىلەر پەقەت كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە اللە نىڭ دىنىنى زېمىندا قايتا بەرپا قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ «دەھرىيلار ۋە جەھمىيلار ـ گە رەددىيە» ناملىق كىتابىدا ئۆلىمالار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «جىمىي ھەمدۇ ـ سانا اللە قا خاستۇركى، اللە پەيغەمبەر كەلمىگەن دەۋرلەردىمۇ ئەھلى ئىلىملەرنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئۇلار ئازغانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدى. يول تاپالمىغانلارغا يول كۆرسەتتى. قەلبى ئۆلگەنلەرنى اللە نىڭ كىتابى بىلەن تىرىلدۈردى. كورلارنىڭ كۆزىنى اللە نىڭ نۇرى بىلەن ئاچتى. ئىبلىس نابۇت قىلغانلارنى ئوڭشىدى، تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەنلەرگە يول كۆرسەتتى. ئۇلار كىشىلەرگە خوپ ياخشىلىقلارنى قىلدى. كىشىلەر بولسا ئۇلارغا تولىمۇ يامانلىقلارنى قىلدى.

ترمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىي دېگەن

ئۆلىمالارھەققىدە شۇنداق دېگەن يەردە، ئۆز مەۋجۇ- تلىقىنى يوقاتقان دىنىنى قايتا بەرپا قىلماقچى بولۇۋاتقان دەۋەتچىلەر ھەققىدە نېمىلەرنى دەر ئىدى، ھە!

## ئۆلىمالارغا بويسۇنۇش ئاتا-ئانىغا بويسۇنۇشتىنمۇ بەكرەك پەرىز

ئىبنۇل قەييىم ئۆلىمالار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «زېمىندىكى ئۆلىمالار ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىدىدۇر. قاراڭغۇلاردا ئازغان كىشى ئۆلىمالار بىلەن يول تاپىدۇ. كىشىلەر يېمەك-ئىچمەككە مۇھتاج بولغاندىنمۇ بەكرەك ئۆلىمالارغا مۇھتاج بولىدۇ. قۇرئاننىڭ ئوچۇق ھۆكمىدىمۇ ئۆلىمالارغا بويسۇنۇش ئاتا-ئانىلارغا بويسۇنۇشتىنمۇ بەكرەك پەرىزدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلار! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلارنىڭ ئىچىدىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار! ئەگەر سىلەر بىرەر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار! ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار. بۇ (يەنى الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتبارى بىلەن گۈزەلدۇر.»

ئىبنى ئاباس، مۇجاھىد ئىككى رىۋايەتنىڭ بىرىدە «جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ھەسەن بەسري، ئەبۇلئا ـ لىيە، ئەتا ئىبنى ئەبي رىباھ، ۋە زەھھاك قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ئايەت كەرىمدىكى «ئىش ئۈستىد ـ ىكىلەر» ئۆلىمالارنى كۆرسىتىدۇ دېگەن. ئىمام ئەھمەدمۇ ئىككى رىۋايەتنىڭ بىرىدە شۇنداق دېگەن.

ئىسلامي جەمئىيەتتە ئۆلىمالارغا ئىتائەت قىلىش پەرىز بولسا، ئىسلام دىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىۋېتىلمەكچى بولغان جاھىلىيەت جەمئىيىتىدە ئىسلامي جامائەنىڭ ئەمىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

شەك يوقكى، ئىسلامي جامائەنىڭ ئەمىرىگە ئىتائەت قىلىش تېخىمۇ بەك پەرىزدۇر. الله ئەڭ بەك بىلگۈچىدۇر.

ئۈچىنجى مەسلە: دەۋەتچىلەرنىڭ ۋەزىيپىسى تولىمۇ نازۇك ۋە ناھايىتى بۈيۈك

دەۋەتچىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئىخلاسمەن ئۆلىمالارغا ۋە راستچىل دەۋەتچىلە ـ رگە تاپشۇرغان.

دەۋەتچىلەر الله قا ۋەكالەتەن يەتكۈزگۈچىلەردۇر.

الله قا ۋەكالەتەن يەتكۈزۈشتە، يەتكۈزمەكچى بولغان ھۆكۈمنىڭ الله نىڭ ھۆكمى ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە راستچىل بولۇش كېرەك.

شۇڭا الله قا ۋەكالەتەن يەتكۈزۈشكە پەقەت

سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت

بىلىملىك ۋە راستچىل كىشىلەرلا لايىقتۇر. مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر مۇنداق دەيدۇ: «ئالىم اﷲ بىلەن مەخلۇقاتلار ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. شۇڭا ئالىم بولغان كىشى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا دىققەت قىلىشى كېرەك.»

ئىبنى سىرىندىن بىرەر مەسىلە سورالسا، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ كېتەتتى.

ئىمام مالىكتىن بىرەر مەسىلە سورالسا، ئۇ ئۆزىنى دوزاخ بىلەن جەننەت ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئىبنۇل قەييىم مۇنداق دەيدۇ: «پادىشاھلارغا ۋەكالەتەن ئىمزا قويۇش ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدىغان بىر ئۇلۇغ مەنسەپ ۋە چوڭ مەرتىۋە بولسا، ئۇنداقتا ئاسمان ـ زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىغا ۋەكالەتەن ئىمزا قويۇش نەقەدەر چوڭ مەرتىۋە ھە! بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشكەن كىشى تولۇق تەييارلىنىشى، جابدۇنىشى، ئۆز مەرتىۋىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ھەق سۆزنى قىلىشتىن ۋە جاكارلاشتىن قورۇنماسلىقى كېرەك. اﷲ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدۇ. پەتىۋا بەرگۈچىلەر چوقۇم كېمگە ۋەكالەتەن پەتىۋا بېرىۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك. ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، ئۇ تاڭلا مەھشەردە اﷲ نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىدۇ.»

تۆتىنچى مەسىلە: دەۋەتچىلەرگە تەۋسىيە

دەۋەتچى اﷲ نىڭ ھەر قانداق ھۆكۈملىرىنى

تەستىق قىلىشى، ئالغان قەدەملىرىدە ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە اللە نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىشى لازىم.

ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان مەرپۇئ ھەدىستە: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغىنى پەيغەمبەرنى ئۆلتۈر ـ گەن، ياكى پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئادەم ؛ سۈرەت سىزغۇچىلارۋە ئىلمىسىدىن مەنپەئەتلەنمىگەن ئالىمدۇر» دېگەن.

ئىبنى جەۋزي مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئەقىيل ئېيتىدۇ: زامانىمىزدا شۇنى كۆردۇقكى، ئەبۇ بەكرىل ئەقپالىي بىرەر يامان ئىشنى توسۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايدىغان بىرمۇنچە شەيخلەر ئەگىشەتتى. مەسلەن: ئوتقا تولا قارىغانلىقتىن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ناۋاي ئەبۇ بەكرىدەك. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە سەدىقە ئالمايدىغان، ھوقۇقدارلار ـ نىڭ ئاتا ـ ئېھسانى بىلەن بۇلغانمىغان، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيام قىلىدىغان، كۆزى ياشلىق بىرمۇنچە كىشىلەر ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئەمما ئۇنىڭغا بىرەر مەيدانسىز كىشى ئەگەشكۈدەك بولسا، ئۇنى قايتۇرىۋەتەتتى ۋە «بىر قوشۇن ئىچىدە بىرەر مەيدانسىز كىشى بولسا، ئۇ قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ» دەيتتى.

شۇنىڭدەك يەنە دەۋەتچىلەردە ئاڭ، توغرا چۈشەنچە ۋە ئاق ـ قارىنى پەرىق ئېتىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك.

بۇ زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلانمىغاندا، ئىسلامىي جامائە يارىماسلارنىڭ ئۆۋىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆز ئەھمى-

ترمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىي دېگەن

يىتىنى يوقىتىدۇ، اللە نىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

قىممەتلىك ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ سۆزلەر دەۋەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە تېگىشلىك رول ئوينايدۇ.

سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيتتى: «ئىككى تۈرلۈك ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىڭلار: بىرى كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگىشىپ ئازغان ئادەم، يەنە بىرى دىلى كور دۇنياپەرەس. سۇفيانۇسسەۋرىي مۇنداق دەيتتى: «اللە قا سىغىنىپ نادان ئابىدلارنىڭ ئازغۇنلىقىدىن ۋە پاسىق ئالىمنىڭ ئازغۇنلىقىدىن پاناھ تەلەپ قىلىڭلار! چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئازغۇنلۇقى ھەر قانداق ئادەمنى ئازدۇرىدۇ.»

ئەبۇ دەرداﺉ مۇنداق دەيتتى: «بىلمەيدىغان كىشىنىڭ ھالىغا بىر قېتىم ۋاي، بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ھالىغا يەتتە قېتىم ۋاي.»

ھەدىستە مۇنداق بىر بايان بار: «قىيامەت كۈنى بەندە تۆت تۈرلۈك سوئالغا جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ اللە نىڭ ئالدىدىن كېتەلمەيدۇ... تۆتىنىڭ بىرى، ئىلمىسىغا قانداق ئەمەل قىلغانلىق توغرىسىدىكى سوئال.»

ھەسەن بەسرىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي ئالىم ئاخىرەتكە قىزىققۇچى... دىنىي ئىشلاردا كۆڭلى يورۇق، اللە نىڭ ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرغۇچى

كىشىدۇر.»

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: «كۆڭلۈڭنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىنى خالىساڭ ئالىملار ۋە ھۆكۈمدارلار بىلەن بولما. بىر كىشى خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانسا، ئاندىن ئۇ ئىلىمنى قانداق قىلىمەن؟»

دەۋەتچىلەر ئاللاھ نىڭ كىتابىنى كۆپ تىلاۋەت قىلىشى ۋە كۆپ ئەمەل قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك ۋە جەدەلخورلۇق قىلماسلىقى كېرەك. مۆئمىن دېگەن چېقىشقاق بولىدۇ، ئۆرۈشقاق بولمايدۇ، كىشىلەر ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن جەدەلخورلۇق قىلمىسىلا ئازمايدۇ. دەۋەتچىلەر يەنە سۈننەتنى قوغدىشى، بىرلىكنى ياقىلىشى ۋە كىچىك گۇناھلاردىنمۇ يىراق بولۇشى كېرەك. چۈنكى كىچىك گۇناھلار يىغىلىپ، گۇناھكارنى ھالاك قىلىدۇ.

دەۋەتچىلەر يەنە ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشى، ئۆز-ئارا مېھر-مۇھەببەتلىك بولۇپ، بۇرادەرلىكنى ئاسرىشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ قا ئەڭ خوپ كۆرۈلىدىغان ئەمەل ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولۇش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن تۇتۇشتۇر.

ئىمام ھەسەن بەننا مۇنداق دەيدۇ: «بۇرادەرلەر، سىلەرگە پۈتۈن دۇنيانىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىدىن قورقمايمەن. چۈنكى، سىلەر ئاللاھ نىڭ ياردىمى بىلەن ھەممىدىن كۈچلۈكسىلەر. بىراق سىلەرگە ئىككى ئىشتىن ئەنسىرەيمەن: بىرى، ئاللاھ نى ئۇنتۇپ قالساڭلار، ئاللاھ مۇ سىلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؛ سىلەرنى تاشلىۋېتىدۇ. يەنە بىرى، بۇرادەرچىلىكنى ئۇنتۇپ قالساڭلار، چۈنكى بالا-مۇسىبەت قېرىنداشتىن

كېلىدۇ.»

دەۋەتچىلەر ئازغۇنلۇقتىن پەخەس بولۇشى كېرەك. بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق ئازغۇنلۇقنىڭ يىلتىزى ئۆز پىكرىنى شەرىئەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش، ھېسياتنى ئەقىلنىڭ ئۈستىگە قويۇشتۇر. ئۆز پىكرىنى شەرىئەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش شۇبھە ئازغۇنلىقىنىڭ يىلتىزىدۇر. شۇبھە ئازغۇنلىقى جەزمىي دەلىللەر بىلەن چېكىندۈرۈلىدۇ. ھېسسىيات ئازغۇنلىقى سەۋر بىلەن چېكىندۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پاك الله دىنى پېشىۋالىقنى بۇ ئىككى ئىشقا باغلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار كۆلپەتلەرگە سەۋرى قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا بىز ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشىۋالار قىلدۇق.»

ھەقىقەتنى ئوچۇق جاكارلاش خۇددى قورقۇنچا - قلىق ئۆمۈر بىلەن رىزىقنى كۆپەيتەلمىگەندەك، ئۆمۈرنى ۋە رىزىقنى كېمەيتەلمەيدۇ.

ئەبۇ سەئىددىن رىۋايەت قىلىنغان مەرپۇئ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىشىلەردىن قورقۇش سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ھەق سۆزنى دېيىشتىن ۋە كاتتىلارنىڭ ئەيىبنى پاش قىلىشتىن توسمىسۇن. چۈنكى، قورقۇش ئۆمۈرنى ئۇزارتالمايدۇ، رىزىقنى كۆپەيتەلمەيدۇ.»

ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «جەزمىي ئىمان شۇكى، الله نى نارازي قىلىش بەدىلىگە ئادەملەرنى رازي قىلمىغايسەن، الله

بەرگەن رىزىققا باشقا كىشىنى ماختىمىغايسەن. اللە نىڭ ساڭا بەرمىگىنىگە باشقىلارغا مالامەت قىلمىغايسەن. ھىرىسمەنلىك رىزىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بىرەر كىمنىڭ يامان كۆرىشى رىزىقنى قايتۇرىۋېتەلمەيدۇ.

اللە ئۆز ئادىللىقى بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانكى، كۆڭۈلنىڭ ئارامى جەزمىي ئىماندا. خۇشاللىق رازى بولۇشتا. غەم ـ قايغۇ شۈبھەدە ۋە نارازىلىقتا.

دەۋەتچىلەر ئىلىم ئۆگىنىشتە اللە نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىشى، ئىلىم ئۆگىتىشتە اللە نىڭ ساۋابىنى تەمە قىلىشى كېرەك.

ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قانداق بىر كىشى اللە رازىلىقى ئۈچۈنلا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىلىمنى دۇنيا تېپىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى تاپالمايدۇ.»

ئەي دەۋەتچى، ئاق ـ قارىنى پەرىق ئېيتىپ ئارىلاش!

ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرگە ئارىلىشىڭلار! ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خاھىشلىرىدىن ساقلىنىڭلار! دىنىڭلارنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراتماڭلار!» ئىبنى ئۆمەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئازارىغا سەۋرى قىلىپ ئۆتكەن مۆئمىن، كىشىلەرگەئارلاشمىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئازار ـ كۈلپەتلىرىگە سەۋرى قىلمىغان مۆئمىندىن ياخشىدۇر»

ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ترمىزي رىۋايەت قىلغان

ئىمام ئەھمەد، ترمىزي، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

## بەشىنجى مەسلە: دەۋەتچىلەرگە سىگنال

جانغا ئامراقلىق ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ دەرۋازىسىنى چۆگىلەپ كېتەلمەسلىك دەۋەتچىلەرنى يېقىتىدىغان ئەڭ چوڭ خەتەردۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىشى سەھرادا ياشىسا باغرى قاتىدۇ، ئوۋچىلىق قىلسا غاپىل بولىدۇ، ھوقۇقدارلارنىڭ دەرۋازىسىنى كۆپ چۆگىلىسە ئازىدۇ.» بۇ ھەدىسنىڭ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ۋارىيانتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىشى ھوقۇقدارغا قانچىكى يېقىنلاشسا الله تىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ.»

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان مەرپۇئ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله قا سېغىنىپ قايغۇ قۇدۇقىدىن پاناھ تىلەڭلار! دېدى.

ـ قايغۇ قۇدۇقى دېگەن نېمە؟ دەپ سوراشتى ساھابىلەر.

ـ ئۇ، جەھەننەمدىكى بىر جىلغا بولۇپ، بۇ جىلغىدىن جەھەننەم كۈنىگە يۈز قېتىم پاناھ تەلەپ قىلىدۇ، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ـ ساھابىلەر: بۇ جىلغىغا كىم كىرىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: رىياخور قارىيلار كىرىدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن.» بۇنى ترمىزي رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ۋارىيانتىدا مۇنداق بار: «الله قا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان قاري زالىم پادىشاھلارنى زىيارەت قىلىدىغان قارىيلاردۇر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن كېيىن شۇنداق بىر ئەمىرلەر كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى راست دەپ، ئۇلارنىڭ زۇلمىغا ياردەملەشكەن كىشى مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس. ئۇ مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمدىن سۇ ئىچەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرمىگەن، ئۇلارنىڭ زۇلمىغا ياردەملەشمىگەن، ئۇلارنىڭ يالغان سۆزىنى راست دېمىگەن كىشىلەر مېنىڭ ئۈممىتىمدۇر. ئۇ، مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمدىن سۇ ئىچىدۇ.»

ئىبنى مەسئۇددىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شۇبھىسىزكى، پادىشاھلارنىڭ دەرۋازىلىرىدا چوڭ ئازغۇنلۇقلار بار. جېنىمنىڭ ئىگىسى بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۇلارنىڭ دەپئى دۇنياسىدىن بىر نەرسىگە ئېرىشىپ بولغۇچە، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى نەچچە ھەسسە نابۇت قىلىپ بولىدۇ.»

دەۋەتچىلەر يەنە ئابرويپەرەسلىكتىن يىراق بولۇشى كېرەك.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دۇنياپەرەسلىك ۋە ئابرويپەرەسلىك دىنىنى بۇزۇشقا كەلگەندە بىر قوي پادىسىغا قويۇۋېتىلگەن ئىككى ئاچ بۆرىدىنمۇ ياماندۇر.»

ئەبۇل پۇتۇھنىڭ مۇنۇ شېئىرى نەقەدەر جايىدا ئېيتىلغان ھە؟

ئىككى نەرسە بار ئايرىلار قوشۇلماس،

① ئىمام ئەھمەد، ترمزي نەسەئي، ئىبنى ھەببان رىۋايىتى.

ئىمام ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان رىۋايىتى

هېچقاچان بىر-بىرىنى زىنھار سىغىنماس.
ئۇ دۇنيا، مەنسەپ بۇ ئىككىسى پېتىشماس،
باقىينى قويۇپ ئاقىل پانىينى ئالماس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتىدۇ: «دۇنيانى دوست تۇتقان كىشى ئاخىرەتتىن زىيان تارتىپ كېتىدۇ. ئاخىرەتنى دوست تۇتقان كىشى دۇنيادىن زىيان تارتىپ قالىدۇ. باقي دۇنيانى پاني دۇنيادىن ئارتۇق بىلىڭلار!»

ئەئمەشكە «ئەبۇ مۇھەممەد! كۆپ كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ ئىلمىنى جانلاندۇرۇڭ» دېيىلگەندە، ئۇ: «بۇنىڭدىن ھەيران قالماڭلار! ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ئىلمىنىڭ تېگىگە يەتكىچە ئۆلۈپ كېتىدۇ، قالغانلىرى ئىچىدىمۇ نىجات تاپىدىغانلىرى بەك ئاز» دېگەن.

ئەئمەش يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىرلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئالىم-ئۆلىمالاردىن ئەڭ يىراق بولغىنىدۇر. ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ يامىنى ئەمىرلەرگە ئەڭ يېقىن بولغىنىدۇر.»

ئەۋزائىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ناسارالار گۆرىستانلىقى كۇپپارلارنىڭ سىسىقلىقىدىن ئۇلۇغ اللہ قا شىكايەت قىلدى. اللہ گۆرىستانلىققا: نائەھلى ئۆلىمالارنىڭ قورسىقى سىلەرنىڭ قوينۇڭلاردىنمۇ بەكرەك سېسىقتۇر، دېدى.»

ئالتىنچى مەسىلە: اللہ نىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم قىلماسلىقتا سۈكۈت قىلىش خىيانەت ۋە سولچىللىقتۇر

---
ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدۇق. تەۋراتتا ھىدايەت ۋە نۇر بار. (الله نىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا تەۋرات بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. زاھىدلار ۋە ئۆلىمالارمۇ ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلار تەۋراتنى ئۆزگەرتىشتىن ساقلا-شقا نازارەتچى ئىدى. كىشىلەردىن قورقماڭلار! مەند-ىنلا قورقۇڭلار! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار. كىمكى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن ئۇلار كاپىرلاردۇر.»

الله قا شۇ ئايان ئىدىكى، الله نىڭ كىتابىنى ئۆزگە- رتىشتىن ساقلاشقا ۋە نازارەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بەزى كىشىلەر دۇنيانىڭ كەينىگە كىرىپ، ھوقۇقدارلارنىڭ، بايلارنىڭ ۋە ھايۋانىي تەلەپ ئىگىلىرىنىڭ يالىقىنى يالاپ، پۇل تېپىش مەقسىتىدە الله نىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىدۇ. ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا بۇنداق ساتقىنلار چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا الله ئۇلارغا «مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار!» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

سۈكۈت قىلىش، بۇرمىلاش، ھەق-ناھەقنى ئېلىشتۇ- رۇپ پەتىۋا بېرىش مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ساتقىنلىق. ھەرقانداق پۇل گەرچە ئۇ، پۈتۈن دۇنيانىڭ مۈلكى بولغان تەقدىردىمۇ، الله نىڭ كىتابى ئالدىدا ئاز پۇلدۇر. ئۇ قانداقمۇ ئاز پۇل بولمىسۇن؟ ئۇ، چوڭ بولسا ئەمەل-مەنسەپتۇ، ياكى بولمىسا قۇرۇق ئۇنۋا-

① سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەت

ندۇ ۋە ياكى ئۇششاق ـ چۈشەك مەنپەئەتتۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ بەدىلىگە دىن سېتىۋېتىلىدۇ، دوزاخ سېتىۋېلىنىدۇ. ئىشەنچ قىلغان كىشىنىڭ خىيانەت قىلىشى، قوغدىغۇچىنىڭ بۇزۇشى، نازارەتچىنىڭ كۆز بوياماچىلىق قىلىدىنمۇ قەبىھراق جىنايەت بارمۇ؟

دىنىي زات نامىنى ئېلىۋالغانلار خىيانەت قىلىۋاتىدۇ؛ كۆز بوياماچىلىق قىلىۋاتىدۇ؛ دىننى بۇزىۋاتىدۇ؛ الله نازىل قىلغان كىتابنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايۋاتىدۇ. ھوقۇقدارلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن الله نىڭ كىتابىنى دەپسەندە قىلىپ، الله نىڭ كىتابىنى بۇرمىلاۋاتىدۇ.

يەتتىنجى مەسىلە: ئىلىمگە ئەمەل قىلغۇچى يېتۈك ئالىم ئەبۇ ھازىمنىڭ خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇل مەلىككە تۇتقان پوزىتسىيىسى

تابىئىنلارنىڭ بىرى بولغان ئەبۇ ھازىم ئۆلىمالار ـ نىڭ ئەمىرلەر ئالدىدىكى مەيدانىنى گەۋدىلەندۈ ـ رۈپ بېرىدۇ. ئۆلىما دېگەن شەرىئەتنى كەم ـ زىيادە بولۇشتىن، ھاۋايى ـ ھەۋەس كۆپۈكچىلىرىنىڭ شەرىئە ـ تنى بۇلغىشىدىن قوغدايدىغان نازارەتچىدۇر.

ـ ئەبۇ ھازىم! بىز نېمىشقا ئۆلۈمنى يامان كۆرىمىز؟ دېدى سۇلايمان.

ـ چۈنكى، ئۇ دۇنيايىڭلارنى خاراپ قىلدىڭلار، بۇ دۇنيايىڭلارنى ئاۋات قىلدىڭلار. شۇڭا ئاۋات جايدىن خاراپ جايغا بارغۇڭلار كەلمەيۋاتىدۇ، دېدى ئەبۇ ھازىم.

ـ قايسى موئمىن ئەڭ چىچەن ؟
ـ اللّٰه قا تائەت ـ ئىبادەت قىلغان ۋە كىشىلەرنى تائەت ـ ئىبادەتكە باشلىغان كىشى ئەڭ چىچەن.
ـ قانداق ئادەم ئەڭ ئەقىلسىز ؟
ـ زومىگەر بۇرادىرىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىپ، باشقىلارنىڭ دۇنيالىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى قولىدىن بېرىپ قويغان ئادەم ئەڭ ئەقىلسىز.
ـ بىزنىڭ ھەققىمىزدە نېمە دەيسەن ؟
ـ ئى موئمىنلارنىڭ ئەمىرى، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ كىشىلەرنى قىلىچ بىلەن باش ئەگدۈردى. زورلۇق بىلەن تەختنى تارتىۋالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرى ۋە نارازىيلىقىغا پەرۋا قىلمىدى. نۇرغۇن مۇسۇلمانىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. بۇ تەخت ئاتا ـ بوۋىلىرىڭغىمۇ ئەسقاتمىدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ قانداق سوئال ـ سوراقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلسەڭچۇ، كاشكى!
ـ بىز قانداق قىلساق ياخشى بولىمىز ؟
ـ كۆرەڭلىك قىلمىساڭلار، ئادەمگەرچىلىك قىلساڭلار، ئادىل تەقسىمات قىلساڭلار...
ـ بىز بىلەن بىرگە ئۆتەمسەن ؟ ئۆز ـ ئارا پايدا يەتكۈزىشەرمىز.
ـ اللّٰه پاناھلىق بەرسۇن سىلەرگە ئازراقمۇ مايىل بولۇپ كېتىشتىن، اللّٰه نىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى ئازابىغا قېلىشتىن قورقىمەن.
ـ ھاجەتلىرىڭنى بىزگە ئېيتقىن!
ـ مېنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزۈپ قويغىن.

ـ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.
ـ ئۇنداقتا مېنىڭ ساڭا باشقا ھاجىتىم يوق.
ـ ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ قويغىن!
پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا! ئۇ توسقان يەرگە بېرىـ ىپ قېلىشتىن، بۇيرۇغان يەرگە بارماي قويۇشتىن ھايا قىل!...

ئەبۇ ھازىم سۇلايماننىڭ ھوزۇرىدىن چىقىپ كەتتى. سۇلايمان ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بىلەن يۈز دىنار ئەۋەتتى. خېتىدە: «دىنارلارنى سەرىپ قىل! بۇنداق نەرسىلەرنى بىز ساڭا يەنە كۆپلەپ بېرىمىز» دېيىلگەن ئىدى.

ئەبۇ ھازىم بۇ يۈز دىينارنى قايتۇرىۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «ئەگەر بۇ يۈز دىنار مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن بولسا، ئامالسىز قالغىنىمدا تاپى ۋە توڭغۇز گۆشى ماڭا بۇنىڭدىن ھالالراق.»

مۇجاھىد ۋە ھاجى زەينەب غەزالي ئالتىمىڭ بەشيۈز قامچا ئۇرۇلدى. نەشتەردەك تىگۋاتقان قامچىلار ئاستىدا ئېڭراۋاتقان بۇ ئايال چوڭ شەيتان جامالنى بىر ئېغىز ماختاش بەدىلىگە ئىجتىمائىي ئىشلار مىنىستىرى بولۇشقا قىزىقتۇرۇلدى. ئۇ ئايال رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «شەيتان كاپىرلار بەرگەن نىجىس ئورۇندۇقتا ھەرگىزمۇ ئولتۇرمايمەن، ئىسلام دىنىدا ئايال كىشى ھۆكۈمدار بولمايدۇ.»

سۇداننىڭ ۋەزىرى مۇھەممەد سالىھ ئومەر مال ـ دۇنيانى ئاياغ ئاستىدا پايخان قىلىپ، پەلەستىن زېمىنىدا مۇجاھىدلار بىلەن چېدىردا ياشاپ، ئابا

ئارىلىدا شېھىد بولۇپ، اللە نىڭ دەرگاھىغا كەتكىچە جىھادنى داۋاملاشتۇردى.

سەييىد قۇتۇب مەنسەپ تۇتۇشقا قىزىقتۇرۇلغاندا مۇنداق دەيدۇ: «نامازدا اللە بىر دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىم شەيتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان بىرەر ھەرىپنى يېزىشنىمۇ رەت قىلىدۇ».

# ئۈچىنجى پەسلى
# ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنىڭ پايدىسى ۋە ۋۇجۇدقا چىقىش ئالدىدا تۇرغان نەتىجىلىرى

## بۇ پەسلىدە ئىككى بەھس بار

### 1 ـ بەھس: اللە نىڭ ياردىمى يېقىن

يۇقىرىدا شۇنى بايان قىلدۇقكى، اللە نىڭ دىنىنى زېمىندا قايتا بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش شەرئىي پەرز، تەبئىي مۇقەررەرلىك ۋە ئىنسانىي زۆرۈرىيەت.

شۇنى سۆزلەپ ئۆتتۇقكى، ئىسلامىي ھەرىكەت پەقەت پەيغەمبەرلەر تۇتۇپ ماڭغان يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەرلەرنىڭ يولى ـ دىنغا ھەقىقى ئەمەل قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەربىيىلەش، غەلبە قازانغىچە ۋە ياكى جان بەرگىچە مۇشۇ يولدا ئىزچىل مېڭىشتۇر.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەر ـ گەسەۋرى قىلدى. ئاخىرى ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى. اللە نىڭ سۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى.»

اللە يەنە مۇنداق دەيدۇ«ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ـ لىرىمىزنى ۋەموئمىنلارنى ئازابتىن

قۇتۇلدۇردۇق، مۆئمىنلارنى قۇتقۇزۇشقا مۇشۇنداق مەسئۇل بولىمىز.»

دەۋەت قۇرۇق سۆز ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت:

ئىنسانلار شۇنچە قېينىلىۋاتقان، ئازاب چېكىۋاتقان ۋە بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار الله نىڭ دىنىغا يېتەكلىگۈچى ۋە يول كۆرسەتكۈچىسىز قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان باشلامچى ۋە نۇرلۇق ماياك ئىسلام دىنىنى گەۋدىلەندۈرگەن، ئىسلام پىرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن رايوندۇر. ئىنسانلار شۇنداق بىر رايوننى كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن خىيالىي سۆزلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي رېئاللىق بىلەن ئىمان ئېيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام توغرىسىدا يېزىلغان نەچچە مىڭ پارچە كىتاب، ماقالىلەر، نۇتۇق ـ لېكسىيەلەر، يىغىن ـ مەجلىسلەر بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلامنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغان كىچىككىنە بىر ئىسلامىي جەمئىيەت قىلغانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلالمايدۇ. كىچىك بولسىمۇ، ئىسلامىي جەمئىيەت ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىنمۇ؟

سۈرە ئەنئام 34 ـ ئايەت      سۈرە يۇنۇس 103 ـ ئايەت

شۈبھىسىزكى، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يېقىندۇر. چۈنكى، ئىسلامىي جەمئىيەت ئىنسان پىترىتىگە ماس كېلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقالايدۇ.

تارىختا ئىسلامىي جەمئىيەت ئۇن تۆت ئەسىر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. تارىخ تەكرارلىنىدۇ. ئىسلامىي جەمئىيەت ئىلاھىي ئەقىدە ئۇستىگە تۇرىدۇ. بارلىق ئېرق ۋە ئايماقلارنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرىدۇ. ھەر زامان، ھەر ماكانغا ماس كېلىدۇ. ئىنسانلارغا چوقۇم مۇشۇنداق بىر جەمئىيەت بولمىسا بولمايدۇ.

ھېلىگەر يەھۇدىي قىساسچىلىرى، ئىسلامغا ئاداۋەت ساقلىغۇچى خرىستىئانلار ۋە پاسىق دىنسىز كوممۇ-نىستلار بۇ دىنىنىڭ نامۇ-نىشانىنى ئۆچۈرۈشكە، دىنىنىڭ يىلتىزىنى قىرقىشقا ھەرقانچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ، بەرىبىر قولىدىن چوڭ ئىش كەلمىدى ۋە كەلمەيدۇ. چۈنكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشى ئىش قىلغان موئمىنلەرگە ناھايىتى يېقىندۇر.

الله مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار الله نىڭ نۇرىنى (الله نىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر. مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ھەق دىنىنى بارلىق دىنلارنىڭ ئۇستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.»

سۈرە سەپ 8-9-ئايەت

دىنىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان، دىن بىلەن ياشىغان ۋە دىنىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈش، تارقىتىش ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلانغان بىر موئمىن جامائە بارلىققا كەلگەندىلا ئاندىن بۇ دىن ۋايىغا يېتىدۇ. دىن

دۈشمەنلىرى بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى ئوبدان چۈ- شىنىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام دەۋىتىگە ۋەھشىيلەرچە زەربە بېرىشى، مۇسۇلمانلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشى ۋە قىرغىن قىلىشىنىڭ سىرىدۇر. كاپىرلارنىڭ بۇ ئېغىر زەربىلىرىگە اللە نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشىدىن باشقا كىشى بولسا ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. دۇنيا مىقيا- سىدا شۇنداق سۈيقەستلەر، خەلقئارا كۈچلەر، يوشۇ- رۇن ۋە ئاشكارا دۈشمەنلىكلەر بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بەرىبىر كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپتۇر. ئىنسان پىترىتى ھامانە پاخپايغان ناھەقتىن، باتىلدىن كۈچلۈكتۇر. «شۈبھىسىزكى، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.»

اللە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «اللە نىڭ مۇنداق بىر تەمسىل بايان قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەر ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. اللە كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ. يامان سۆز (يەنى كۇپرى-

① سۈرە نىسا 76 - ئايەت

كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخقە ئوخشايدۇ. اللە موئمىنلارنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيا-ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. اللە زالىملارنى (يەنى

كۇپپارلارنى) گۇمراھ قىلدۇ. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلدۇ.»

ئىسلام پىترەتكە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان:

ئىسلامىي دەۋەت ئىنسان پىترىتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئىنسان روھىيىتىگە چوڭقۇر سىڭگەن ۋە ئىنسان قەلبىنىڭ بەندە ـ بىغىشلىرىغا يۈشۈرۈنغان بولۇپ، پىترەتنى باسقان تۇمانلار يوقىتىلىسىلا پىترەت ئىسلامىي دەۋەتكە ئاۋاز قوشىدۇ. ئىسلامىي دەۋەت بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇ ھەق تائالانىڭ مەدىنىتىگە ئىرىشكەندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قۇدرەت شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى ئاللاھ ھەقتۇر. مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسىلىرى ناھەقتۇر.»

ئىسلامنىڭ يەر شارىدىكى يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر. ئۇ، كېيىن پەيدا بولغان ناھەقكە ئوخشاش يۈزەكى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن غەلىبە ئىسلامغا مەنسۇپ، كەلگۈسى بۇ دىنغا مەنسۇپ، ئاقىۋەت مۇتتەقىيلارغا مەنسۇپ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلار ـ

سۈرە ئىبراھىم 24 ـ 27 ـ ئايەت سۈرە ھەج 62 ـ ئايەت

نىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى.»

دېمەك: ئىسلامىي جەمئىيەت ئاللاھ نىڭ ئىزنى

بىلەن ھامان ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ بىشارەتلىرى:

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامىي جەمئىيەت ھالاكەت ۋەھىمىسىگە ئۇچراۋاتقان ئىنسا-نلارنىڭ بىردىنبىر نىجاتلىق يولىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئىسلامىي جەمئىيەت پىترەتنىڭ نالە-پەريادىغا يېتىدۇ. پىترەت ھەرقانچە ئېزىققان ۋە قايمۇققان بولسىمۇ، خەتەرگە دۇچ كەلگەندە ئويغىنىپ قىمىرلاشقا باشلايدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئىسلامىي جەمئىيەت ئىنسانىي زۆرۈرىيەت ۋە تەبىئىي مۇقەررەرلىكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكە بولغۇچى ئامىللار توسقۇچى ئامىللاردىن كۈچلۈكتۇر. ئىسلامىي جەمئىيەت بۈگۈن بارلىققا كەلمىسە، ئەتە بارلىققا كېلىدۇ. بىراق يول مۇشەققەتلىك، خەتەرلەر ھەم بەك كۆپ. بۇ يولدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئىدىيە، تەپەككۇر، ئەخلاق، پائالىيەت ۋە ماددىي ھازارەت ئەمەلىيەتلىرىدە ئىسلامىي سەۋىيەگە يۈكسىلىشتۇر.

شۇنداق قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، ئىسلامىي جەمئىيەت ئىنسانىي زۆرۈرىيەت ۋە تەبىئىي مۇقەررەرلىكتۇر. ئىسلامىي جەمئىيەت ھامان تۇغۇلىدۇ، تۇغۇتتا تولغاق

---
① سۇرە نۇر 55-ئايەت

بولىدۇ، تولغاقتا دەرت بولىدۇ ئەلۋەتتە.»

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئۆزىنىڭ «20-ئەسىر-دىكى جاھىلىيەت» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا

«ئىنسانىنىڭ اللە تەرىپىگە قايتىپ كېلىشى» ماۋزۇلۇق بىر بابنى يازىدۇ. بۇ بابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان تۈزۈملەرنىڭ يىمىرىلىشى ئىنسانىيەتنى اللە نىڭ دىنىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. كاپىتالىزم يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېتىقاد ۋە تۈزۈم سۈپىتىدە يوقالدى. كوممونىزىمۇ يىمىرىلىشكە باشلىدى. بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان يەنە بىر تۈزۈم بولۇشى كېرەك. مۇقەررەركى، بۇ تۈزۈم ئىسلامدۇر. ئامېرىكىدا ئىسلامي تۈزۈم ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ياش مۇسۇلمانلار ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى. بۇ، اللە نىڭ دىنىغا سۈيىقەست قىلىدىغان جاھىلىيەتنى اللە نىڭ ئوڭدا سىلىشىدۇر.» «ئۇلار سۈيىقەست ئىشلەتتى. اللە ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى بەرپات قىلدى، اللە سۈيىقەست قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر.»

تەكرارلىنىدىغان قانۇنىيەت:

ئىسلامي جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچىلار بۇ يولنىڭ تەگ ماھىيىتىنى؛ بۇ يولنىڭ قان كېچىپ ماڭىدىغان، قۇربان بېرىدىغان، ئازابلىنىدىغان، دەرت تارتىدىغان يول ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەلىف، لام، مىيم.

---

سەييىد قۇتۇب «ھەزارەت قېيىنچىلىقلىرى» 182 ـ بەت

سۈرە ئال ئىمران54 ـ ئايەت

ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرىك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن

بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق. ﷲ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.»

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆئمىنلار جامائەسى! ﷲ سىلەردىن ھەقىقى جىھاد قىلغانلارنى ۋە جىھادنىڭ جاپا مۇشەققەتلىرىگە چىدىغۇچىلارنى ئايرىماي تۇرۇپ، ئېغىزىڭلاردا پەقەت «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟»

ئۆمەير ئىبنى ھەبىب ئىبنى ھەشامە دېگەن ساھابىنىڭ ئۆز ئوغلىغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسماقچى بولسا، ئازار كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلىشقا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ قويسۇن! ﷲ نىڭ ساۋابىغا ئىشەنچ قىلسۇن! شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغ ﷲ نىڭ ساۋابىغا ئىشەنچ قىلغان كىشىگە ئازار- كۆلپەتلەر زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ.»

يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن فىرئەۋن دەۋرىدىكى سېھىرگەرلەرنىڭ دارغا ئېسىلىشلىرىغىچە؛ ئورەك ئىگىلىرىنىڭ تىرىك كۆيدۈرۈلۈشلىرىدىن ياسىر، سۇھەيب، ۋە بىلاللارنىڭ ئازابلىنىشلىرىغىچە؛ ھەسەن بەننا، سەييىد قۇتۇب، ئەۋدە ۋە پەرغە-

سۈرە ئەنكەبۇت 1-2-3-ئايەتلەر سۈرە ئال ئىمران 142-ئايەت

لىلەرنىڭ شېھىد قىلىنىشلىرىغىچە بولغان ئارلىقتىكى تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن

ھەقىقەت ئىگىلىرىنىڭ تارىخىغا بىر قارايدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەلەيمىز.

ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابى:

ئۇلۇغ الله بۇ يولدا ماڭغان كىشىلەرگە چەكسىز مۇكاپاتلارنى تەييارلىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بىر كۈنلەر باركى، ئۇ كۈنلەردە سەۋرى قىلغۇچى چوغ تۇتۇپ تۇرغۇچىغا ئوخشاش قېينىلىدۇ. ئۇ كۈنلەردە ھەرىكەت قىلغان بىر كىشىگە ئەللىك كىشىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.

ساھابىلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ئەللىك كىشىمۇ ياكى بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىققان ئەللىك كىشىمۇ؟ دەپ سورىغاندا،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىققان ئەللىك كىشى دەپ جاۋاب بەرگەن.»

تەبەرانىينىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىندا چىڭ تۇرغۇچىغا ئەللىك شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ» دېدى.

ئومەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىققان ئەللىك شېھىدمۇ؟ ياكى ئۇلار نىڭ ئىچىدىن

---

ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزي، بەززار ۋە تەبەراني رىۋايەت قىلغان

چىققان ئەللىك شېھىدمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىققان دەپ جاۋاب بەردى.»

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىشارەتلىرى ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىشارەت بەرگەنكى: يامانلىق تەرەپدارلىرى ھەرقانچە ئەزۋەيلىسمۇ، ئىسلام دىنىنى ھەرگىز مەغلۇپ قىلالمايدۇ. ئەبي ئۇمامە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدىن ھەق ئۈستىگە چىڭ تۇرىدىغانلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى دۈشمەن باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. ئۇلار بىلەن قىرىشقانلار ئۇلارغا زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھېچقانچە جاپا سالالمايدۇ. بۇ ئەھۋال تا قىيامەت ـ تكىچە داۋاملىشىدۇ.» ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغە ـ مبىرى! ئۇلارنىڭ ئورنى قەيەردە بولىدۇ؟ دەپ سورىغا ـ نىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەيتۇل مۇقەددەس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەبۇ دەرداﺋ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بۇئەسنا ـ دا مەن ئۇخلاۋاتاتتىم. چۈشۈمدە كۆردۈمكى، قۇرئا ـ نىنىڭ تۈۋرۈكلىرى بېشىمنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلدى. مەن ئۇنى كەتكۈزىلەمدىكىن دەپ ئويلىدىم. قار ـ

بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ىسام ئۇ، شام تەرەپكە ماڭدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئازغۇنلۇق يۈز بەرگەن زاماندا ئىمان شامدا بولىدۇ.»

شۇنىڭ ئۈچۈن يوللار يىراق، زامانلار ئۇزاق

بولىسمۇ، هامان اللە نىڭ ياردىمى بىلەن ھەقىقەت غەلىبە قىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە اللە نىڭ دوستلىرىغا جەڭ ئېچىۋاتقان ئادەملەر اللە قا جەڭ ئاچقان بولىدۇ. اللە قا جەڭ ئاچقان كىشى ھەرگىز غەلىبە قىلالمايدۇ.

بۇخارىيدا مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مېنىڭ دوستۇمنى دۈشمەن تۇتقان كىشىگە مەن جەڭ ئېلان قىلىمەن.»

اللە مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر دۇنيادا مەغلۇب قىلىنىسىلەر ۋە ئاخىرەتتە جەھەننە-مگە توپلىنىسىلەر. جەھەننەم نېمە دېگەن يامان تۆشەك!»

ئىبنى ئاباس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «دەسلىۋىدە پەيغەمبەرلىك ۋە رەھمەت بولىدۇ، ئاندىن كېيىن پادىشاھلىق ۋە رەھمەت بولىدۇ، ئاندىن كېيىن خەلىپىلىك ۋە رەھمەت بولىدۇ، ئاندىن كېيىن بەگلىك بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلار ھوقۇقنى ئېشەكلەر بىر-بىرى بىلەن تالاشقاندەك تالىشىدۇ. سىلەر جىهاد قىلىڭلار! ئەڭ ئەۋزەل جىهاد تەييارلىق كۆرۈش، ئەڭ ئەۋزەل تەييارلىق قوشۇن تەشكىللەشتۇر.»

بەززار، تەبەراني، هاكىم رىۋايەت قىلغان    سۈرە ئال ئىمران 12-ئايەت

---

تەبەرابي رىۋايەت قىلغان

بۇ رايون (شام ۋە بەيتۇلمۇقەددەس) ئىنسانىي تۈزۈ-ملەرنىڭ بەختسىزلىكىدىن ۋەيران بولغان ئىنسا-نىيەت تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن ئۆزگىرىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بەھز ئىبنى ھەكىم دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، مېنى قەيەردە تۇرۇشقا بۇيرۇيلا؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ تەرەپتە، دېدى قولى بىلەن شام تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.»

دېمەك: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتنە كۈنلىرىدە شامدا ئولتۇراقلىشىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ.

ھاكىم ئۆزى سەھي دەپ قارىغان ئىسناد بىلەن ئەبۇ دەرداﺉ دىن رەسۇلۇللاھ نىڭ مۇنداق دېگەن ـ لىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چوڭ قىرغىنچىلىق بولغا ـ ندا مۇسۇلمانلار غۇتە دېگەن جايغا چېدىر تىكىدۇ. ئۇجايدا دەمەشق دەپ بىر شەھەر بولىدۇ. بۇ شەھەر شۇ كۈنلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى جايى بولىدۇ.»

ئىككىنجى بەھس: دەۋەتچىلەر تەقدىرنىڭ قولى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان قوراللاردۇر، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت سەۋەب قىلىشتۇر

دەۋەتچىلەر ئۆز رولىنى توغرا چۈشىنىشى كېرەك. ئۇلار الله نىڭ تەقدىرىگە پەردىدۇر. الله نىڭ تەقدىرى ئۇلار ئارقىلىق ئىجرا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ

ترمزي سەھي ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان

«تەرغىب ۋە تەرھىب» ناملىق كىتابنىڭ 4 ـ جىلد 63 ـ بەتكە قاراڭ

ۋەزىپىسى پەقەت سەۋەب قىلىش. ئۇلار نەتىجىلەر بىلەن ھېسابلاشماسلىقى كېرەك. نەتىجە الله نىڭ قولىدا. سەۋەبلەرنى ياراتقان زات نەتىجىلەرنىمۇ ئۆزى يارىتىدۇ. ئۇلار خۇددى ياراملىق ئەۋلاد قالدۇرۇش

ئۇچۇن ئۆيلەنگەن كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. الله ئۆيلەنگەن كىشىلەرنىڭ بەزىسىگە بالا ئاتا قىلىدۇ، بەزىسىگە ئاتا قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەر ئىمانىي ھەرىكەتلىرىدىن پەقەت جەننەتنىلا كۆز-لىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرەر نەتىجىنى، ھەتتا ئىسلام دۆلتى قۇرۇشنىمۇ ئىبىغىزىدىن چىقىرىپ باققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت الله نىڭ يولىغا ئەگىشىش، الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ۋە الله بۇيرۇغان تەييارلىقلارنى قىلىش ئىدى. الله ئۇلارنىڭ غەلىبىگە لايىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش الله قا خاستۇر. ھەممە ئىش الله قا قايتۇرۇلىدۇ. الله قا ئىبادەت قىلغىن ۋە الله قا تەۋەككۇل قىلغىن.»

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب «يول بەلگىسى» ناملىق كىتابىنىڭ «قۇرئاني يولنىڭ خاراكتېرى» دېگەن پەسلىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله ئۇلارنى سىنىۋىدى، ئۇلار سەۋر قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى توغرىلىق ھېچقانداق خىيال بولمىدى. ئۇلار بۇ دۇنيالىقتىن ھېچقانداق مۇكاپاتنى كۈتمىدى.

سۈرە ھۇد 123 ـ ئايەت

دىنى دەۋەتنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا غەلىبىگە ئېرىشىشكە چاغلىق بىرەر نەتىجىنىمۇ ئويلىمىدى. ئۇلاردا ئىرقچىلىق، نە مىللەتچىلىك، نە يۇرتۋازلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەبىلىۋازلىق، جەمەتپەرەسلىك

بولمىدى. الله ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندە، ئۇلارنى بۈيۈك ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا لايىق كۆردى. ئۇلارغا ئەقىدە ئامانىتى، الله نىڭ شەرىيئىتىنى يۈرگۈزۈش ئامانىتى، الله نىڭ ئادالىتىنى بەرپا قىلىش ئامانىتىنى تاپشۇردى».

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «الله خالىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، ۋەلېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى ئۇقمايدۇ.»

«الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا) «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەـ مبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى. الله ھەقىقەتەن كۈچلۈك ۋە غالىبتۇر.»

پۈتۈن دۇنيا الله نىڭ مىزانىدا پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كەلمەيدۇ. مۆئمىنلار الله نىڭ مىزانىدا ناھايىتى ۋەزىنلىكتۇر. غەلىبە الله نىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئەرزىمەس نەرسىدۇر. الله نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كېمىگە چىققان ئون ئىككى ئادەم ئۈچۈن پۈتۈن ئېقلىمدىكى ئىنسانلارنى، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى، گۈل ـ گىياھلارنى غەرق قىلدى. بىر ئۆيلۈك مۇسۇلمان ئۈچۈن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ كەنتلىرىنى دۈم كۆمتۈرىۋەتتى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن كېيىن پەيغەـ

① سۈرە يۈسۈپ 21 ـ ئايەت سۈرە مۇجادىلە 21 ـ ئايەت

مبەرلىرىمىزنى، مۆئمىنلارنى ئازابتىن قۇتقۇزدۇق. مۆئمىنلارنى قۇتقۇزۇشقا مۇشۇنداق مەسئۇل بولىمىز.»

الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئي مۇھەممەد! ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن، الله سەن بىلەن

ئۇلارنىڭ ئوتتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچە، دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە چىدىغىن! اللہ ئەڭ ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.»

اللہ تىن ئۈمىت قىلىمىزكى، اللہ بىزنى ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى ۋە راستچىل ھەرىكەت قىلغۇچى قوشۇنى قاتارىدىن قىلغاي.

شۈبھىسىزكى، اللہ دۇئايىمىزنى ئاڭلىغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

سۈرە يۇنۇس 103 ـ ئايەت سۈرە يۇنۇس 109 ـ ئايەت

# ئىككىنجى باب

# ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىي ئېقىملار

بۇ باب ئۈچ پەسىلدىن تۈزۈلىدۇ.

1 ـ پەسلى: قۇتقۇزغۇچى ئىسلامىي

ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

2 ـ پەسلى: ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىسلامىي جامائەلەر.

بۇ پەسلدە بىر قانچە بەھىس بار:

A: تەبلىغ جامائىتى

B: سەلەپىيلار

C: سوپىلار

D: ھىزبۇتتەھرىير

بۇ بەھستە بىر قانچە مەسىلە بار:

1 ـ مەسىلە: ھىزبۇتتەھرىيرنىڭ پەيدا بولۇشى

2 ـ مەسىلە: ھىزبۇتتەھرىيرنىڭ نىشانى ۋە ۋاستىلىرى

3 ـ مەسىلە: ھىزبۇتتەھرىيرغا باھا

4 ـ ھىزبۇتتەھرىيرنىڭ قاراشلىرىدىن ئۈزۈندىلەر

3 ـ پەسلى: ئىخۋانىيلار (مۇسۇلمان قېرىنداشلار) ئۇيۇشمىسى

بۇ پەسلدە بىر قانچە بەھس بار:

A: ئىخۋانىيلارنىڭ پەيدا بولۇشى

B: ئىخۋانىيلارنىڭ خاراكتېرى ۋە نىشانلىرى

C: ئىخۋانىيلارنىڭ دىنى ئىدىيىسى

D: ئىخۋانىيلارنىڭ ۋاستىلىرى

E: ئىخۋانىيلارنىڭ رېئاللىق، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمدارلارغا بولغان قارىشى

F: ئىخۋانىيلارنىڭ ئۆزىۋولىغا قارىتا چۈشەنچىسى

# بىرىنچى پەسلى
# قۇتقۇزغۇچى ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئىسلامىي ھەرىكەتتە تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەر تولۇق بولۇشى كېرەك. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

بىرىنچى: ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ئىدىيىسى، نىشانى، ۋاستىلىرى، ھادىسلەر، شەخسلەر ۋە شەيئىلەرگە بەرگەن باھالىرى، قۇرئانغا، ھەدىسكە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئىسلامىي ھەرىكەت قۇرئان

ھەدىسنىڭ ئەمەلىي نامايەندىسى بولۇشى كېرەك.
بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداش كېرەك:
1 ـ دەۋەتچىلەرنىڭ كاللىسىدا «بىر اللە دىن باشقا ئىلاھ يوق» چۈشەنچىسى ئېنىق بولۇشى كېرەك. بۇ كەلىمە شاھادەتنىڭ بىرىنچى مەنىسى شۇكى، پەرۋەردىگارلىق، ھاكىم مۇتلەقلىق، باشقۇرۇش ۋە قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى بىر اللە قا مەنسۇپ. ئىسلام ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئام ئۇقۇمى بىلەن ھاياتلىقتىكى بارلىق ئىشلارنى كونترول قىلىشى كېرەك.
بىز «بىراللە دىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەندە، تەۋھىدنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل مەنىسىنى تەڭ مەقسەت قىلىمىز.
A: بىر اللە قا ئىبادەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش.
B: ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى، ھەر نەرسىگە ئىگە بولغۇچى پەقەت بىر اللە دەپ تونۇش.
C: اللە نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى بار. اللە ھەر قانداق ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك دەپ ئەقىدە قىلىپ، اللە نىڭ سۈپەتلىرىنى تەئۋىل قىلماي، بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماي ئۆز مەنىسى بويىچە ئىسپاتلاش.
2 ـ يېقىنقى چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار ـ نىڭ ھازىرقى رېئاللىقى «بىراللە دىن باشقا ئىلاھ يوق» ئەقىدىسىگە زىت كېلىدۇ. ھۆكۈمدارلار اللە نىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلمايۋاتىدۇ. بارلىق ئېلان ـ تەشۋىقاتلار كىشىلەرنى شەيتاننىڭ يولىغا

ئۈندەۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇللىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئەنئەنە، قىممەت قاراشلار ۋە ئۆلچەملەر ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدۇ. شۇڭا ئىسلامىي جامائە ئەزالىرى بۇ رېئاللىقنى رەت قىلىشى؛ بۇ رېئاللىقتىن ۋە بۇ رېئاللىق بويىچە ئىش قىلغۇچىلاردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى؛ جاھىلىيەت تۈزۈملىرى، ئەنئەنىلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆزىنى پاك ساقلىشى كېرەك.

«جىھاددىن بوشىشىپ قالماڭلار! شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار! ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.»

ئال ئىمران139-ئايەت

3-يۇقىرقى چۈشەنچىگە ئاساسەن، تەشكىلات ئەزالىرى تەشكىلاتقا ۋە رەھبەرلىككە بارلىقىنى بېغىشلىشى، ھەر قانداق ئەھۋالدا رەھبەرلىككە بويسۇنۇشى، الله بارىسىدا ئۆز-ئارا دوست بولۇشى، الله نىڭ دىنى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى كېرەك. «مۆئمىنلارغا كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەت قىلمايدىغان، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان» بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى: نىشان، ھەرىكەت ئۇسۇلى، ھازىرقى رېئاللىق، پۈتۈن دۇنيا يەھۇدىيلىرى، خرىستىئانلار، ۋە كوممۇنىستلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭ قاتارلىق جەھەتلەردە تەشكىلاتنىڭ تونۇشى ئايدىڭ بولۇشى كېرەك. تەشكىلاتتىكىلەر شۇنى ئاڭقىرىشى كېرەككى،

ئۇلار ھازىر تۈپكى ئاساسلىق مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئىچكىرى ۋە تاشقىرى دۈشمەنلەر جان ـ جەھلى بىلەن دىننى يوقۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

ئۈچىنچى: تەشكىلات ئۆز ئەزالىرىنى ھازىرقى جاھىلىيەتتىن قۇتقۇزۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىگە سىڭىپ قالغان جاھىلىيەت چۆكۈندىلىرىنى تولۇق تازىلاپ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان ئەقىدە ۋە ئەقىيدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇ ـ

① سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەت

شقا تۈرتكە بولىدىغان قىزغىن ھېسسيات پەيدا قىلىشى كېرەك. الله دەۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىر ـ ىدە، مەككىدە كېچىدە قىيام قىلىش (كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا تۇرۇپ ناماز ئوقۇش) نى پەرىز قىلدى. ھەتتاكى ساھابىلەر زېمىندا مېڭىپ يۈرۈيد ـ ىغان تىرىك قۇرئانغا ئايلاندى. ئائىشە (الله ئۇنىڭد ـ ىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈ ـ پەتلىرىنى بايان قىلغاندا، بۇ ئەھۋال توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پائالىيەتلىرى قۇرئاننىڭ ئۆزى ئىدى.»

تۆتىنچى: تەشكىلات ئەمەلىيەتنى نەزەرىيەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئىسلامنىڭ دوگماتىزم ۋە ئۆلۈك ئەقىدىلەرگە، جىدەلخورلۇققا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. «كىشىلەر ھىدايەت

تاپقىنىدىن كېيىن جىدەلخۇر بولمىسىلا ئازمايدۇ.»

تەشكىلاتتىكىلەر قۇرۇق گەپ ساتماي ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشى كېرەك. تەشكىلات ئۆز ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ بولغاندىن كېيىن، تەشكىلات ئەزالىرى جەمئىيەتكە چىقىپ، ئىسلامىي دەۋەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. كىشىلەرگە الله نىڭ ھەقىقى ئىلاھلىقىنى، دىنىنىڭ ماھىيىتىنى، پاكلىقىنى ۋە ئىلغارلىقىنى بىلدۈرۈپ، بەندىچىلىك قىلىشنى تونۇتۇشى كېرەك.

تەشكىلات ئەزالىرى ئىنسانىيەتنىڭ الله نىڭ دىنىدىن-ن ئايرىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاكەتكە يۈز تۇتقا-

ئەھمەد، تىرمىزي، ئىبنى ماجە، ھاكىم رىۋايەت قىلغان

نلىقىغا ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قالاقلىق، بۇزۇ-قچىلىق ۋە كرىزىسلارغا پېتىپ قالغانلىقىغا ئەمەلىي پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى الله نىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا قايىل قىلىش كېرەك. «كىمكى مېنىڭ قۇرئانىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى خاتىرجەمسىز بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز.»

كىشىلەرنى ئەمەلىي تەربىيىلەپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ، تەشكىلاتقا قاتناشتۇرۇش كېرەك. دەۋەتچىلەرنىڭ ئىمانى غۇرۇرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ خارلىقىغا جەزمى قىلىپ ئىشىنىشى لازىم. «شۈبھىسىزكى، الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ئەڭ خار ئىنسا- نلار قاتارىدادۇر.»

الله ھەسەن بەسرىيغا رەھمە قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دەيتتى: «دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئارغىماقلىرى سىلىق ماڭغان بىلەن، خىچىرلىرى تاراقلاپ چاپقان بىلەن، ئۇلار بەرىبىر خار ئادەملەردۇر. الله ئۆزىگە ئاسىي بولغانلارنى ھامان خار قىلىدۇ.»

بەشىنچى: تەشكىلات ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى قادىر بولغان ۋە شەرئىيەت يولغا قويغان سەۋەبلەرنى قىلىشى كېرەك. ئىسلامىي دۆلەت الله نىڭ ھۆكمىنى يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغا-نىدىن كېيىن ، پۈتۈن يەرشارىغا يۈرۈش قىلىپ، يەر شارىنى شەيتانلارنىڭ بەدقىلىقلىرىدىن تازىلايدۇ.

سۈرە مۇجادىلە 20 ـ ئايەت سۈرە تاھا 124 ـ ئايەت

پۈتۈن ئازغۇنلۇقلار يوقولۇپ، الله نىڭ دىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك قازانغۇچە ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

تەشكىلات شۇنى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەككى، بۇ نىشانغا يېتىپ بارغۇچە الله نىڭ بەندىلىرىنى ئۆزلىر-ىگە قۇل قىلىۋالغان شەيتانلار بىلەن توقۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىمام شاپىئىيدىن «ئۇتۇق قازانغان ئادەم ياخشىمۇ، ياكى بالاغا گىرىپتار قىلىنغان ئادەم ياخشىمۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «بالاغا گىرىپتار قىلىنمىغۇچە ئۇتۇق قازانغىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

رەھبەرلەرمۇ، ئەسكەرلەرمۇ تۈرلۈك ـ تۈمەن ئازار ـ كۈلپەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ: « «ئەلىف، لام، مىيم. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟»

شۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلات ئازغۇنلۇقلارنى يېڭىپ، قورقۇنچلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.

تەشكىلات ئەزالىرىدىن الله قا يارىغان بەندىلەر شېھىد بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېنى دەۋەتنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان ۋە جانلاندۇرغاندىن كېيىن، الله ئۆزىنىڭ پەزلى مەرھەمىتى بىلەن غەلىبە ئاتا قىلىدۇ: «شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك)، ھەربىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق.

سۈرە ئەنكەبۇت 1 ـ 2 ـ ئايەت

پەرۋەردىگارىڭ يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشتا ساڭا يېتەرلىكتۇر.»

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى؛ الله دىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە موئمىنلاردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ، سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز (سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟ الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.»

ھەقىقى موئمىن الله بارىسىدا تارتقان ئازابتىن لەززەت ئالىدۇ، دۇمبا يەۋتىپمۇ راھەت ھېس قىلىدۇ. سەلەپ ـ سالىھلار جىھاد ۋە ئىبادەتتە ھېس قىلغان ھوزۇر ۋە ھالاۋەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «غەپلەتكە چۆمگەن بىچارىلەر دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ لەززەتنى ھېس قىلماي تۇرۇپ، دۇنيادىن كەتتى.

ناۋادا پادىشاھلار بىزنىڭ لەززىتىمىزنى بىلىپ قالسا ئىدى، بۇ ھالاۋەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بىزگە قىلىچ ئۇراتتى.»

ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيتتى: «الله تىن قورقمايدىغان ئادەملەرنىڭ مەخلۇقات تەرىپىدىن تارتىدىغان ئازار - كۆلپەتلىرى تەقۋادارلارنىڭ تەقۋالىق يولىدا تارتقان رەنجى - مۇشەققەتلىرىدىن چوڭدۇر.»

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ھېچ نەرسىگە شەرىئەتنى بىلىشكە مۇھتاج بولغاندەك مۇھتاج بولمايدۇ. شەرىئەتكە دەۋەت قىلىش، دەۋەتتە

سۈرە فۇرقان 31 - ئايەت

سەۋرچان بولۇش، دەۋەتكە قارشى چىققانلارغا جىھاد قىلىش كېرەك. دۇنيا بۇنىڭسىز ئوڭشالمايدۇ. بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمىگىچە ھەقىقى بەخت - سائادەتكە يەتكىلى بولمايدۇ.»

ئالتىنچى: بۇ، بۇيۈك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەشكىلات تۆۋەندىكى ئۈنۈملۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىشى كېرەك:

1 - ئىدىيە جەھەتتە كۆرەشچانلىق روھي بىلەن تەربىيىلەش. تەشكىلات ئەزالىرى قۇرئان، ھەدىس ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخ - تەرجىمھا - للىرىنى ئۆگىنىپ، فىقھى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئىشەنچلىك دىنى كىتابلارنى مۇزاكىرە قىلىپ، نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان جاھىلىيەت يۈزلىنىشلىرىنى ئىگەللەپ، جاھىلىيەت پەلسەپە ۋە نەزەرىيەلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ 20 - ئەسىر -

دىكى بەختسىزلىكلىرىنىڭ پۈتۈنلەي جاھىلىيەت سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، كېرەكلىك بىلىملەرنى ئىگەللىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقتا رېئايە قىلىپ، روھىيەتنى پاكلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزۈقلانغان ئوزۇق بىلەن ئوزۇقلىنىش، ھەر كۈنى قىيام قىلىش، زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش، دۇئا قىلىش، سەۋر قىلىش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرىئەت يولغا قويغان بارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ جىھادقا تەييارلىق قىلىشى كېرەك.

2- ئىنتىزامچانلىق. ئىنتىزام شەخسلەرنى بىر-بىرىگە مەھكەم باغلايدۇ. ئىنتىزام بولغاندىلا بۇرا-دەرلىك، دوستلۇق، ماسلىشىش ۋە رەھبەرلىككە تولۇق بويسۇنۇش بولىدۇ. تەشكىلات دۈشمەنلەرنىڭ پارچىلا- ش، پاراكەندىچىلىك ۋە تەۋرىنىش پەيدا قىلىشلىرىغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايدۇ. ئىنتىزام بولۇش ئۈچۈن دەۋەتچىلەر «دەۋەت چۈشەنچىسى» دە بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى لازىم. تونۇشلاردا شۇ ئايدىڭ بولۇشى كېرەككى، ئۇششاق-چۈشەك مەسىلەردىكى ئىختىلاپ، الله نىڭ مەخلۇقاتلارغا بىكىتكەن قانۇ- نىيىتىدۇر. بىراق ئىمامنىڭ پىكرى ئىختىلاپنى تۈ- گىتىدۇ. ئىمامنىڭ پىكرىنى گەرچە بەزى كىشلەر ئاجىز دەپ قارىسىمۇ، يەنىلا شۇ پىكر كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

3- ياخشى پىلان ۋە مۇناسىپ لايىھە بولۇش. پىلان ۋە لايىھە بولمىغاندا جامائە ئاسانلا خادا تاشقا

ئۇرۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق رېئاللىقنى تەتقىق قىلىش، چۈشىنىش، جامائەگە ۋە جامائە ئەزالىرىغا تېگىشلىك پائالىيەتلەرنى بەلگىلەش كېرەك.

مۇسۇلمان بۇرادەرلەر! بىز يۇقىرىدا ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ توغرا ئۆلچەملىرىنى بىر قەدەر يورۇتۇپ ئۆتتۇق. نۆۋەتتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىسلامىي جامائەلەرنىڭ ئىدىيىۋي ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرىقى ھەرىكەت ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرىمىز. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز بىرەر ئېقىمنى ئەيىبلاش ياكى كەمسىتىش بولماستىن، بەلكى ھەقىقەتنى ۋە توغرىسىنى تېپىش، ئەگەر الله خالىسا!

# ئىككىنچى پەسلى
# نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىسلامىي ئېقىملار

## بىرىنچى ئېقىم تەبلىغ جامائىتى:

تەبلىغ جامائىتى ۋەز-نەسىھەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى ھەپتىدە بىرسائەت، ئايدا بىر كۈن، يىلدا بىر ئاي دېگەندەك مۇئەييەن ۋاقىت ئاجرىتىپ، ۋەز-نەسىھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. تەبلىغ جامائەتتىكىلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ دەۋەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار قارىماققا دەۋەت قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئىخلاسى چىڭ، ئىمانى كۈچلۈكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جاھىلىيەتكە بىر پەشۋامۇ ئاتالمايدۇ. ئۇلار ھازىرقى مۇشۇ ھالىتىنى داۋاملاشتۇرسا، كەلگۈسىدە جاھىلىيە- تىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپمۇ قارىيالمايدۇ. بۇنىڭدا تۆۋە-ndىكىدەك بىر قانچە سەۋەبلەر بار:

1-تەبلىغ جامائىتى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۆلچەملەرگە توشمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىن دۈشمەنلىرى-گە تاقابىل تۇرغىدەك تەشكىلى، مۇنتىزىم كۈچى، ئىنتىزامى، پىلان ۋە مۇۋاپىق چارە-تەدبىرلىرى يوق.

2- ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى مەسچىتكە كەلگەن جامائەتكە ۋاقىتلىق تەسىر كۆرسىتىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەسچىتكە كەلگەن كىشىلەر بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلىدىغان، بۇ بىخلارنى مېۋە بەرگۈچە

پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرىدىغان مۇنتىزىم ئۇسۇلى يوق. شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئۇلار «گېپىڭنى دەۋىلىپ يولۇڭغا ماڭ» دېگەندەك ئىش قىلىدىغان ئادەملەردۇر.

3 ـ ئۇلار ئاساسلىقى ئاغزاكى قىزىقتۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئۇسۇلىغا تايىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى دىنىسىزلىق ۋە ماددىيپەرەسلىك ئىدىيىلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. دىنى بار كىشىلەردىن باشقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈم بېرىشى ئۈچۈن ئىمان باسقۇچىدىن ئۆتۈپ بولغان كىشى بولۇشى كېرەك.

4 ـ ئېھتىمال تەبلىغ جامائىتىنىڭ ھىندىستاندەك كۆپىنچە ئاھالىسى دىنسىز بىر جايدا بارلىققا كېلىشى ئۇ جامائەتتە مۇشۇنداق بىر ئۆلۈك خاراكتېر پەيدا قىلىپ، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى بەرپا قىلىشنى گەرچە مۇمكىن ئەمەس دېمىسمۇ، ئەمما بەك تەس دەپ قاراپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇسۇل قوللىنىشتىن يالتىيدىغان قىلىپ قويغان بولسا كېرەك.

5 ـ ناھەق تەرەپدارلىرى ۋە تەلۋە جاھىلىيەت كۈچلىرى قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەتكە ئېرىپ قالمايدۇ. ئۇلارغا كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ بولۇپلا ئۇنى ئېقىمغا تاشلاپ بېرىدىغان، «گېپىڭنى دەۋىلىپ يولۇڭغا ماڭ» دېگەندەك ئۇسۇللار تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى، تەسىرلەنگەن شەخسنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمىگەندە يۇمران مايسىنى ئۈششۈك شامالغا تاشلاپ بەرگەندەك بىر ئىش بولىدۇ.

پاكىستاندىكى «جامائەتۇل ئىسلامي» نىڭ

قۇرغۇچىسى ئۇستاز ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدي ئىسلامىي ھەرىكەتتە مۇنداق ئۇسۇل قوللانغانلىقنى قارىتا مۇنداق دەيدۇ: «خرىستىئان مىسسىيونىرلىرىدەك دەۋەت ئېلىپ بارغانلىقنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق. مىليونلىغان تەشۋىقات قەغەزلىرىنى تارقىتىپ، ئادەملەر ئىچىدە ئەتە-ئاخشاملىرى «دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار!» دەپ قۇرۇق ۋارقىرىغانلىقنىڭ تىلغا ئالغۇدەك ئۈنۈمى بولمايدۇ.»

ئىككىنجى ئېقىم سەلەپىيلار:

سەلەپىيلار ئىسلام دىنىنى، دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىككى مەنبەئى «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» نى سەلەپلەر چۈشەنگەنىدەك چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سەلەپلەر دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى دەپ تەرىپلىگەن ئۈچ ئەسىردىكى كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سەلەپىيلارنىڭ ئەقىدە قىلىشىچە مۇسۇلمانلار دىنى چۈشەنچىلەردە ئىختىلاپلىشىپ، تۈرلۈك مەزھەبلەرگە بۆلۈنۈپ، مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ، ئۆز-ئارا بوغۇشقانلىقى؛ بەزىدە تېخى مۇسۇلمانلار مەزھەب ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن ئۆز-ئارا قىرغىن قىلىشقانلىقى ھازىرقىدەك خار-زەبۇنلۇقنىڭ سەۋەبى بوپقالغان. دېمەك: سەلەپىيلار قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىستىن ھۆكۈم خۇلاسىلەش توغرىسىدىكى بىر ئىدىيۋي ئېقىم بولۇپ، ئۇنىڭدا تەلەپكە لايىق تەشكىلى تۈزۈم، مۇئەييەن باشقۇچلۇق نىشان، مۇناسىپ پىلان ۋە لايىھە يوق.

سەلەپىيلارنىڭ تەشەببۇسى دىندارلار دائىرىسىدىلا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ تار دائىرىدە چەكلىنىدۇ. سەلەپىيلار كۆپىنچە ۋاقتى ۋە تىرىشچانلىقىنى پۇرۇئات مەسىلىلەرگە قاراتقان بولۇپ، ئىسلامىي دەۋەت ھايات ـ ماماتلىق جىڭگە دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئۇنداق ئۇششاق ـ چۈشەك مەسىلىلەرگە كاللا ئۇپراتقانلىق ئىسلامىي دەۋەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئىسلام ئۆزىنىڭ يەرشارىدىكى ئەمەلىي مەۋجۇتلىقىنى يوقاتقان بۇ مىنۇتلاردا ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللاش ـ يوللىماسلىق، جۈمە نامىزىنىڭ ئالدىدا سۈننەت نامىزى ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىق، مۇنبەرنىڭ قانچە پەشتاق بولۇشى، مەسچىتكە تام سائىتى ئېسىش بىدئەتمۇ ئەمەسمۇ دېگەندەك مەسىلىلەرنى تالىشىپ يۈرۈش ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس.

سەلەپىي ئېقىمىدىكىلەر بىر قانچە قېتىم شۇنى ئېنىق جاكارلىدىكى: ئۇلار جامائە تەشكىللىمەيدۇ. جامائە تەشكىللەش توغرا ئەمەس. بەلكى جامائە ـ نىڭ ئۆز ئەمىرىگە بەيئەت قىلىشى ھازىر پەيدا بولغان بىدئەت. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجمائىغا زىت كېلىدۇ. بۇ ئۈچ مەنبەدە، بەيئەت يوللۇق دېيىلگەن. قۇرئان كەرىمدە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ساڭا بەيئەت قىلغانلار اللە قا بەيئەت قىلغان بولىدۇ.»

ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر

ھەدىستە ئۇبادە مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دىشۋارچىلىقتا، ئاسانچىلىقتا، خۇشلۇقتا ۋە خاپىلىقتا، بىزنىڭ زىيىنىمىزغا كەلگەندىمۇ بويرۇقىغا بويسۇنۇشقا، الله بارىسىدا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا بەيئەت بەردۇق.»

ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت بىرەتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆچۈمنىڭ يېتىشچە دېگەن سۆزنى ئېغىزىمىزغا سېلىپ بىرەتتى.»

ئاياللارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت بەرگەنلىكىگە، رىزۋان بەيئىتىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت بەرگەنلىكىگە ئىجمائ بار.

بەزىلەر «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھۆكۈمدارلىق سۈپىتى بىلەن بەيئەت ئالغان» دېيىشى مۇمكىن. بىز بۇنىڭغا قارىتا شۇنداق دەيمىزكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق زېمىن ۋە ھاكىمىيەتكە ئىگە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئەقەبە بەيئىتى ئېلىپ، مۇسۇلمانلار جامائەسىگە رەھبەرلىك قىلىپ كەلگەن.»

سۈرە پەتھ 10 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۈچ كىشى بىرلىكتە سەپەرگە چىقسا، ئۇلارنىڭ بىرىنى ئەمىر قىلسۇن» دېگەن. نافىئي بىز «ئەبۇ سەلەمەنى ئەمىر قىلدۇق» دەيدۇ.

سەپەردىمۇ ئەمىر كېرەك بولسا، يەر شارىدا الله

نىڭ ئىزنى بىلەن اللّٰە نىڭ دىنىنى قايتا قۇرۇپ چىقماقچى بولغاندا ئەمىر تېخىمۇ كېرەك بولمامدۇ؟

بەيئەت دېگەنلىك بويسۇنۇش ۋەدىسى بېرىش دېگەنلىكتۇر.

ئىمام نەۋەۋي مۇنداق دەيدۇ: «بەيئەت بېرىش دېگەن قول تۇتۇشۇپ ۋەدە بېرىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، بۇ «بەيئ» (سودا قىلىشىش) دېگەن سۆز تومۇرىدىن شاخلانغان سۆز. سودا قىلىشقۇچىلار ئۆزئارا قول تۇتۇشىدىغان بولغاچقا، قول تۇتۇشۇپ ۋەدە بېرىش مەنىسىدىكى «بەيئەت» سۆزى ياسالغان.»

دېمەك: بەيئەت بېرىش دېگەنلىك اللّٰە قا ۋە اللّٰە نىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشقا، ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشقا چىمپىششىق ۋەدە بېرىش دېگەنلىكتۇر.

دەرۋەقە سەلەپىيلار ياش مۇسۇلمانلارنىڭ دەلىل ئىزدىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇلارنى شەرئىي نەسلە-رگە، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسگە ئەھمىيەت بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۇتۇقى. بىراق، سەلەپىيلار بازارغا سالغان كىتابلارنىڭ ئاساسلىق ئوقۇرمەنلىرى ئىماننىڭ تۈر- تىكىسىدە دەلىل ئىزدەيدىغان، نەسلەرگە ئەھمىيە-ت بېرىدىغان ئىسلامىي ھەرىكەت ئەزالىرىدۇر. ناۋادا مۇشۇ كىشىلەر بولمىغان بولسا ئۇلارنىڭ كىتابلىرى بېسىلىپ قالغان بولاتتى.

سەلەپىيلارنىڭ قارىشىچە زەئىپ ھەدىسلەرنى سەھىھ ھەدىسلەردىن ئايرىپ چىقىش ئەڭ ئۇلۇغ ئىسلامىي ھەرىكەتتۇر. توغرا، بۇ بىر پايدىلىق ئىش. بىراق،

ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشى مۇسۇلمانلار ھەدىس ئىلمى توغرىسىدا بىزگە زور ئىلمي بايلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ توغرىدا بىزنىڭ كۆپ باش قاتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بىز پۈتۈن زېھنىمىزنى ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيىلەشكە ۋە ئۇلارنى ماتېرىيالىستىك كۇپرى ئېقىملىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا قارىتىشىمىز كېرەك.

بىز سەھي دەلىللەرگە ئەگىشىشكە ھەر قانچە ئۇرۇنساقمۇ نەسلەر توغرىسىدىكى نوقتىئىنەزەردە ئوخشاشماسلىق بولغانلىقتىن، ئىختىلاپنى پۈتۈنلەي تۈگىتەلمەيمىز.

مۇسۇلمانلارنىڭ پۇرۇئات مەسىلىلەردىكى ئىختىلا-پنى تۈگىتىپ، ئومۇمەتەن بىر قاراشقا كېلەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

الله ئىمام شېھىد ھەسەن بەنناغا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ، بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ: «ئوخشاش كۆز قاراشلاردا ھەمكارلىششىمىز، ئوخشىمىغان قاراشلاردا ئۆز-ئارا چۈشىنىششىمىز لازىم.»

شۇنداق، ئىسلام پىقھىسى ئىسلامي جەمئىيەت بەرپا قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، ئىسلامي جەمئىيەت پىقھنى رويابقا چىقىرىدۇ. ئىسلامي جەمئىيەت قۇرۇشتا، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلماي، پىقھى نەزەر-يەلىرى بىلەن تولا ھەپىلىشىش ئۆمۈرنى زايا قىلىدۇ. كىشىلەرگە پىقھى ئۆگىتىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئەقىدە ئۆگىتىش كېرەك. دىن بويىچە ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغاندىلا ئاندىن ئەقىدە مۇستەھكەملىنىدۇ. ئەمە-

لىيەتكە بىرلەشتۈرۈلگەن ئەقىدە ھەرقانداق پىقھى ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كېپىل بولىدۇ.

ئۈچىنچى ئېقىم سوپىزم:

سوپىزم ئومۇمى جەھەتتىن شەخسلەرنىڭ ئىچكىرى دۇنياسىغا ۋە روھىيىتىنى پاكلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنىڭ توغرىلىقىغا قىل سىغمايدۇ. بىراق، بۇ بىر تەرەپكىلا چەكلىنىپ باشقا تەرەپلەرگە سەل قاراش، ئېغىر خاتا ئىدىيە ۋە خاتا تەربىيلەش ئۇسۇلى سوپىزىمدىكى چوڭ خەتەردۇر.

ئىسلام پەقەت نەپلى ئەمەل-ئىبادەتلا ئەمەس. ئىسلام ئاۋۋال ئەقىدە، ئاندىن ئىبادەت ۋە ئەمەلىي تۇرمۇش تۈزۈمىدۇر. ئىسلامىيەتنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىدا ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى تەڭ نەزەرگە ئېلىنغان. ئىسلام دىنى ئەمەل-ئىبادەتلەر، زىكرى - تەسبىھ، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، ساغلام پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى ۋە تۈرلۈك مەسىلىلەردە ئەقىلغە مۇۋاپىق، توغرا پىكىر قىلىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق ئەقىلغە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەربىي مەشق ۋە سالامەتلىككە پايدىلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق جىسمانىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ قارىشىدا ھايات پەقەت بۇ دۇنيا ياكى ئاخىرەتلا ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئىنسان ھەر ئىككى ھايات ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

«اللە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەتنى ئىزدىگىن! دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن.»

سوپىلار «قۇرئان ھەدىسنىڭ پەقەت ئۆلىمالارغىلا مەلۇم بولغان باتىنى مەنالىرى بار» دەپ گۇمان قىلغاچقا، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ زاھىري مەنالىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، نەسلەردە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. روھىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشتە چېكىدىن ئاشۇر-ۇۋېتىدۇ. بۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كۆپلىگەن سوپىلارنىڭ بىدئەت پەيدا قىلىشىغا سەۋەب بولغان. بەزى سوپىلارنى دىنىدىن چىقىرىپ دەھرىي قىلىۋە-تكەن. «الله مەخلۇقاتىنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشۈپ مەخلۇقات بىلەن بىرلىشىدۇ» دەپ ئەقىدە قىلىشقا سەۋەبچى بولغان. بۇ ئەقىدە ھەر قانداق ئەمەلىي كۇپۇرلۇقنى بېسىپ چۈشىدىغان ئېتىقادىي كاپىر-لىقتۇر.

ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، روھىيىتىنىلا پاكلاپ كۈن ئۆتكۈزۈشگە ئىسلام ھۆكۈ-مرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە يول قويغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىسلام دىنى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇلغان، ئىسلامنىڭ ئۆز مەۋجۇ-

سۈرە قەسەس 77 ـ ئايەت

تلىقىنى جاكارلىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇش ۋە ئۇنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك شارائىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، دىنىنىڭ غېمىنى يېمەي قاراپ تۇرۇشىغا ھەرگىزمۇ يول قويغىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا سوپىلار ھازىرقى جاھىلىيەتكە قەتئىي تاقابىل تۇرالمايدۇ. جاھىلىيەتنى يىمىرىپ

تاشلىيالمايدۇ. ئەقەللىيسى جاھىلىيەت ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا سوپىلارنىڭ يېڭى ھەرىكەت تەشكىللەش سالاھىيتى يوق. سوپىلار بۇنى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. سوپىلارنىڭ سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن خوشى يوق. ئۇلارنىڭ تېخىچە ئاساسلانغۇدەك بىرەر پرىنسىپىمۇ يوق. ۋەھالانكى، ئىنسانلار دىنى جەھەتتە ئانا قارنىدىكى تۆرەلمىگە ئوخشاش بىر پۈتۈن يېتىلىدۇ، ھەم شۇنداق يېتىلىشى كېرەك. تۆرەلمىنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسى، مەسىلەن: بىر قۇلىقى، بىر پۇتى، بىر كۆزى بەك چوڭ ئۆسۈپ كەتسە، باشقا ئەزالىرىغا ماسلاشماي سەت بولۇپ قالغاندەك، دىنىنىڭ مەلۇم بىر تەرەپىگىلا ئېسىلىۋېلىش، بىر تەرەپىگە سەل قاراش، بىر تەرەپىدە نورمالسىز يېتىلىش، بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىش پەقەتلا توغرا ئەمەس.

تۆتىنچى ئېقىم ھىزبۇتتەھرىير:

1 ـ ھىزبۇتتەھرىيرنىڭ پەيدا بولۇشى:

بۇ گورۇھ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بۇ گورۇھنى ئەزھەر ئۇنىۋېر ـ سىتېتىنى پۈتتۈرگەن، قۇددۇس شەرىپتىكى شەرىئە ـ تىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەھكىمىسىگە ئەزا بولغان شەيخ تەقىييۇددىن نەبھانىي قۇرۇپ چىققان.

شەيخ نەبھانىي بۇ گورۇھنى قۇرۇشتىن بۇرۇن، 1950 ـ يىلى ئاۋغۇستتا «ئەرەبلەر ئوقۇشلۇقى» ناملىق بىر كىتاب چىقاردى. ئۇ بۇ كىتابىدا ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىك خاھىشىنى ئېنىق ئاشكارلىدى.

نەبھانىي دەسلەپتە ئېئوردانىيەدىكى ئىخۋانىيلارغا

دوستلۇق ئىزھار قىلدى. ئىخۋانىيلارنى تەشكىللىگەن بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى ھەسەن بەننانى كۆپ ماختىدى. بۇنى كۆرگەن ئىخۋانىيلار ئۇنى قېتىغا ئالدى ۋە ئۇنى غەربىي قىرغاقتىكى بىر قانچە قېتىملىق يىغىلىشلىرىدا «ئىسلامنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ھەققىدە» لېكسىيە سۆزلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. نەبھانىينىڭ بۇ لېكسىيىلىرى ئاساسەن شېھىد سەييىد قۇتۇبنىڭ «ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي ئادالەت» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان. شۇڭا بۇ لېكسىيە ئىخۋانىيلارغا ناھايىتى ياققان ۋە ئۇلارنى «نەبھانىيمۇ ئىخۋانىيلارغا قوشۇلۇشى مۇمكىن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرگەن.

نەبھانىي ئىخۋانىيلارنىڭ قۇددۇستىكى تۈرالغۇسىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ، بۇ قېتىمقى لېكسىيىدە: «ئەخلاق دېگەن گۈللىنىشكە توسالغۇ بولىدۇ»، «سەن بۈيۈك ئەخلاق ئۈستىگىسەن» دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاس. ئەھمەد شەۋقىينىڭ:

ئەخلاقلىق مىللەت ياشنايدۇ ئامان،

ئەخلاقتىن ئايرىلسا يوقىلار ھامان.

دېگەن شېئىرى توغرا ئەمەس» دەپ جارسالدى. لېكسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن لېكسىيە ئاڭلىغان ئىخۋانىيلارنىڭ بىرى نەبھانىيغا ئېتىراز بىلدۈردى. نەبھانىيمۇ ئۆزقارىشىدا چىڭ تۇرىۋالدى. مۇنازىرە كەسكىنلىشىپ كەتتى. نەبھانىي مۇنازىرىلەشكەن بۇ شەخسنى باشقا ئىخۋانىيلارنىڭ قوللاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چىچاڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

نەبهاني «پارتىيە ئىتتىپاقى» ناملىق كىتابىدا بۇ كۆز قارىشنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: «پەن ـ مەدەنىيەت ۋە خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئەخلاق جەمئىيەتلىرىمۇ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ جەمئىيەت «ئەخلاق گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى» دەپ قاراپ، ۋەز ـ نەسىھەت، لېكسىيە سۆزلەش ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنى ئەخلاق جەھەتتىن گۈللەندۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتلەرگە نورغۇن ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ياردەملەر بېرىلگەن بولسىمۇ، كۆرۈنەر ـ لىك نەتىجە قازىنالمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئاددىي، زېرىكىشلىك ھەدىسلەر بىلەن بەزلىدى. بۇ جەمئىيەتلەر ئەسلىدە الله نىڭ «سەن بۈيۈك ئەخلاق ئۈستىگىسەن» دېگەن خىتابىنى خاتا چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ۋە ھالانكى بۇ خىتاب جەمئىيەتكە ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلە ـ يھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىگە قارىتىلغان ئىدى. ئەخلاق جەمئىيەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا ـ لامنىڭ: «الله مېنى گۈزەل ئەخلاقلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى»، «گۈزەل ئەخلاقنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىندىم» دېگەن ھەدىسلىرىنى دەلىل قىلىشىدۇ. ۋە ھالانكى بۇ ئىككى ھەدىس ۋە شۇ مەزمۇندىكى باشقا ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىگە قارىتىلغان، جەمئىيەتكە قارىتىلمىغان.

شائىرنىڭ: «ئەخلاقلىق مىللەت ياشنايدۇ ئامان،

ئەخلاقتىن ئايرىلسا يوقىلار هامان»

دېگەن شېئىرى توغرا ئەمەس. چۈنكى مىللەت ئەخلاقتا بەك ئەهمىيەت بېرىپ كەتسە راۋاجلىنالمايدۇ. بەلكى ئەقىدە، پىكىر ۋە تۈزۈملەر ئارقىلىقلا راۋاجلىنالايدۇ.»

بۇ كىتاب نەشر قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىخۋانىيلار هىزبۇتتەهرىير نامىدا بازارغا سېلىنغان نەشر ئەپكار-لىرىنى ئۇچرىتىپ، خۇشاللىقىنى باسالماي: «خۇداغا شۈكرى، بىزنىڭمۇ ھەقىقەتتە قوللىغۇچىلىرىمىز بارئىكەن، ئۇلارنى تاپايلى!» دېيىشىپ، مەزكۇر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇلار نەبھانىينى تاپتى.

ئىخۋانىيلار نەبھاني بىلەن بىر يەرگە يىغىلىپ، نەبھانيغا: «ئىسلامىي جامائە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا يەنە بىر پارتىيە قۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. ناۋادا نەبھانىينىڭ ئىسلامىي جامائەگە پىكرى بولسا، جامائە خاتالىقىنى تۈزەتسە بولىدۇ. ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچىلار بۆلۈنۈپ كەتسە بولمايدۇ» دەپ نەسىھەت قىلدى. بىراق نەبھاني ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى.

ئيئوردانىيىدىكى ئىخۋانىيلار شېھىد سەييىد قۇتۇ-پتىن قۇددۇس شەھرىدە نەبھاني بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سەييىد قۇتۇب ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، بىچارە مۇ-سۇلمانلارنىڭ بىرلىككە مۇھتاجلىقىنى، نەبھانىينىڭ قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ۋە الله

نىڭ ئالدىدىكى ھېسابىنى ئۆتىڭغا ئەسلەتتى. نەبھاني سەييىد قۇتۇبتىن بىرلىشىش ئۈچۈن ئىئوردانىيىدىكى ئىخۋانىيلارنى قاھىرەدىكى ئىخۋا ـ نىيلارنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئىئوردانىيە ھۆكۈمىتى ئىخۋانىيلارنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن، ئىئوردانىيىدىكى ئىخۋانىيلارنى قاھىرەدىكى ئىخۋانىيلا ـ ردىن ئايرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. نەبھانىيمۇ دەل شۇنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. بىراق ئىخۋانىيلار بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدى. ئۆزلىرىنىڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ يىلتىزى ۋە شاخلىرى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرلىكنى بۇزىدىغان مەزكۇر تەلەپنى كەسكىن رەت قىلدى. سەييىد قۇتۇب شۇچاغدا مۇنداق دېدى: «ئۇلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن! ئۇلار مېڭىپ، مېڭىپ ئاخىرى ئىخۋانىيلار ھەرىكەت باشلىغان نۇقتىغا كېلىدۇ.»

ھىزبۇتتەھرىير نەبھاني نامىدا بىر قانچە پارچە كىتاب چىقاردى. «ئىسلامىي تۈزۈم»، «ئىسلام دۇنياسىغا قىزغىن چاقىرىق»، «ھىزبۇتتەھرىيرنىڭ سىياسىي چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابلار ئەنە شۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ھىزبۇتتەھرىير قۇرۇلغاندىن بۇيان بارلىق ئىسلام نامىدىكى ھەرىكەتلىرى مەغلۇپ بولدى. چۈنكى، بۇ ھەرىكەتلەر 13يىلدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ چىقا ـ لمىدى. ئۇلار دەسلەپتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرغۇچە

13يىل ۋاقىت ئۆتكەن. بىزمۇ 13يىلدا ھاكىمىيەتنى قولىمىزغا ئېلىپ بولىمىز» دەپ داۋراڭ سالغان ئىدى.

2 ـ ھىزبۇتتەھرىيرنىڭ ھەرىكەت چۈشەنچىسى، نىشانى ۋە ۋاستىلىرى:

ھىزبىيلار مەدەنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىگە قايتا ئىشەنچ تۇرغۇزماقچى بولىدۇ. مەدەنىي پائالىيەتتە مىليۇ ـ نىلغان كىشىلەرگە ئىسلامىي مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھىزبىيلار كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوئال قويۇپ، مۇنازىرە قوزغاپ، ئۇلارغا ئىسلامنى سىڭدۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا مۇسۇلمانلار ئىچىدىن دۆلەت داھىيلىرى يېتىشىپ چىقىدۇ. ھىزبىيلارنىڭ قارىشىچە بۇنىڭغا ئون يىل، يۈز يىل ۋاقىت كەتمەيدۇ. بەلكى مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى باشلىغان كىشىلەر ئۆز ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلەيدۇ.

سىياسىي پائالىيەتلەردە كونكرېت ۋەقەلەر تۇتقا قىلىنىپ، ئىسلام ئىدىيىسى ۋە ھۆكۈملىرىنىڭ توغرـ لىقى، ھەق ۋە راستلىقى نامايەن قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاۋام خەلقتە تولۇق ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ.

ھىزبىيلارنىڭ قارىشىچە ھەرقانداق بىر ئىنسانىي جەمئىيەت مۇستەھكەم ئىككى تام ئىچىگە قاماـ لغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى ئەقىدە ۋە ئىدىيە تېمى، يەنە بىرى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ۋە ياشاش يوللىرىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان تۈزۈملەر تېمى. مەلۇم بىر جەمئىيەتنى ئۆز قولى بىلەن ئۆرۈش ئۈچۈن

ھۆجۇمنى بىرىنچى تامغا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. يەني ئىدىيىگە ھۆجۇم قىلىپ، ئىدىيە ئىنقىلابى قوزغاش كېرەك.

ئىدىيە ئىنقىلابى بىۋاستە سىياسىي ئىنقىلاب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىياسىي ئىنقىلاب ھاكىمىيەت، تۈزۈم، ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىدۇ. ھىزبىيلارنىڭ قارىشى شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار دەسلىۋىدىن باشلاپ تۈرلۈك ئىسلامىي تۈزۈملەرنى بايان قىلىپ، خەلقئارا سىياسىي مەسىلەرنى تەھلىل قىلىدىغان نەشىر بۇيۇملىرىنى چىقاردى. باشقا يۈزلىنىشلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە بەس مۇنازىرە قىلدى. ئاۋام خەلق ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ھىزبىيلار ئۆز ئەزالىرىنى تەربىيىلەشتە مەركەزلىك ھالدا ئىسلام مەدەنىيەت بىلىملىرىنى شەخس ۋە كوللىكتىپقا تارقىتىش ئارقىلىق، ئىسلامىي شەخسلەرنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ئەزالىرىنى قەرەللىك تەربىيىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىسلامىي مەدەنىيەت ماتېرىيالى تەييارلىدى.

ئىككىنچى باسقۇچتا ھىزبىيلار سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرمەكچى بولدى. ھىزبىيلارنىڭ قارىشىچە مۇسۇلمانلار ئاڭلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىغاندىلا ئاندىن گۈللىنەلەيدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچتا ئىدىيىۋى ئىنقىلاب ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالماقچى بولىدۇ. ھىزبىيلارنىڭ قارىشىچە بۇ باسقۇچتا قولىدا

ھوقۇق بار كىشىلەرنى ئىدىيە جەھەتتىن قايىل قىلىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش كېرەك. ئۇلار بۇ ئىدىيىنىڭ مەزمۇنىغا تولۇق ئەمەل قىلمىسىمۇ مەيلى. بۇ جەھەتتە دۆلەت باشلىقىدىن، پارتىيە باشلىقىد- ىن، جامائە رەھبەرلىرىدىن، قەبىلە باشلىقىدىن، باش ئەلچىدىن ياكى شۇ خىلدىكى كىشىلەردىن يار- دەم تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ.

ھىزبىيلارنىڭ روھىيەت ۋە روھىي ئىشلارغا بولغان قارىشى تېخىمۇ ئۆزگىچە. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە: روھ دېگەن ئىنسانلارنىڭ الله بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىشتۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: ئىنساندا روھىي ئىشتىياق، جىسمانىي تەلەپ بولمايدۇ. بەلكى فىزئولوگىيىلىك ئېھتىياجلار بولىدۇ. بۇ ئېھتىياجلار- نى چوقۇم قاندۇرۇش كېرەك. فىزئولوگىيىلىك ئېھتىياجلار الله نىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن تۈزۈم بويىچە قاندۇرۇلغاندا ئىنساندىكى تەبىئىي تەلەپ روھقا ماسلىشىدۇ. ناۋادا بۇ تەلەپلەر تۈزۈمسىز ياكى الله نىڭ تۈزۈمىدىن باشقا تۈزۈم بىلەن قاندۇرۇلسا، بۇ بىر خىل ماددىي قاندۇرۇش بولۇپ، ئىنسانىيەتنى بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق سۆزلىرى بار: «ئىنساندا روھىي ئىشتىياق، جىسمانىي تەلەپ بولمايدۇ. بەلكى فىزئولوگىيىلىك ئېھتىياجلار ۋە تەبىئىي تەلەپلەر بولىدۇ. بۇ تەلەپلەرنى چوقۇم قاندۇرۇش كېرەك.»

3 - ھىزبۇتتەھرىرغا باھا:

ھىزبىيلارنىڭ بىر قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتكەن

ئىدىيىسى ۋە نىشانىغا يېتىش ئۇسۇلىنى توغرا ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ باش ئۆلچەملىرىگە سىلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، روشەن پەرقنى ۋە ھىزبىيلارنىڭ ئۆتكۈز - گەن بىر قانچە خاتالىقلىرىنى بايقايمىز.

1 - ھىزبىيلار ئىسلامىي پائالىيەت دائىرىسىنى تەلىم-تەربىيىگىلا چەكلەپ، ئادەم تەربىيىلەشتە باشتىن-ئاخىرى پىكرىي تەربىيىنى ئاساس قىلىپ، ئىسلامىي شەخسلەرنى يېتىلدۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى گۇمراھلىقتىن قۇتقۇزۇشتە ئەقلىيچىلىكنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈ- نلىشىشى ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشى تېگى- تەھتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پىكرىي ئاجىزلىقىد- ىن بولغان. ئاۋام خەلقتە ئاڭ پەيدا قىلىش ئارقىلىق پىكرىي كۆرەش ۋە تەپەككۇر ئىنقىلابى قوزغاپ، بۇ ئارقىلىق سىياسىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ھۆكۈ- مرانلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. پىكرىي ئاڭ ئەقلىيچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىزبىيلارنىڭ پائالىيىتىمۇ قۇرۇق جىدەل، بەس-مۇنازىرە بولۇشتىن ھالقىيالمىدى. ھىزبىيلارنى باش-ئاخىرى يوق مۇنازىرە پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدى. ئەمەلىيەتتە تىلغا ئالغۇدەك تەسىر پەيدا قىلالمىدى. ھىزبىيلار كىشىلەر بىلەن ئۆز-ئارا چىقىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي چۈشە- نچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئارىلىقتىكى ھاڭنى كۈنسېرى يوغىناتتى. بۇنىڭغا ھىزبىيلارنىڭ قۇرغاقلاشقان روھىيتي ۋە جىدەلخورلىقى سەۋەب بولدى. ئۇلار ئەمەلىي مەسىلىلەردىمۇ قۇرۇق گەپ

ساتتى.

ھەتتا روھىيەتنىمۇ ئەقلىنىڭ بىلىش دائىرىسىگە سۆرەپ كىردى. ئۇلار روھنى ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ﷲ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىشى دەپ چۈشەندۈر ـ دى. ۋە ھالانكى، روھ ﷲ قا ئىشەنچ تۇرغۇزىدىغان، ﷲ نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ﷲ تىن قورقىدىغان، ﷲ قا تېۋىنىدىغان ۋە تەۋەككۇل قىلىدىغان، ﷲ تىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى چوڭ بىلمەيدىغان بىر جەزمي تۇيغۇغا ئايلاندۇرۇپ، ﷲ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قورال ئىدى.

ھىزبىيلارنىڭ قارىشىچە، روھنىڭ ئۇقۇمى پەقەت ئىدراك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار روھىيەتنى يورۇتىدىغان، مەنىۋىيەتنى جانلاندۇرىدىغان نەپلى ئىبادەتلەر ۋە زىكرى ـ تەسبىھلەرگە سەل قارىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىزبىيلارنىڭ روھى كۆرۈنەرلىك قۇرغا ـ قلاشقان. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۇسلىشىپ، ئىسلامىي ھۆكۈملەرگە رىئايە قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ قىزىققا ـ نلىقى كۈچلۈك بەزى تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ناماز ئوقۇماسلىقى، نامازغا سەل قارىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى پەلسەپە ئىنسانىيەتنى بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىتالمايدۇ. پەيلاسوپلار رىئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتەلمە ـ يدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ ئەھۋاللار ئىلاھىي يولغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ يولىغا زىت

كېلىدۇ.

ساھابىلەر ئۇن ئايەت ئۆگەنسە ئۆگەنگىنىگە ئەمەل قىلىپ ئاندىن ئۆگىنەتتى. ئۇلار قۇرئان ئوقۇشنى، قۇرئانغا ئەمەل قىلىشنى تەڭ ئۆگىنەتتى. ئۇستاز مەۋدۇدي ھىزبىيلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئۇلار بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلماڭلار! ئۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ.»

ھىزبىيلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىر تەشۋىقاتچىسى شۇنداق دەيدۇ: «شەيخ نەبھانىينىڭ قېشىغا كىرىپ، قۇرئان كەرىمنى ھىزبىي كۆرۈنىكىنىڭ ئوقۇش پىرو-گراممىسىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلسام، ئۇ: «ئاڭلىغىن ئى ئىشەنچلىك كىشىم! ھىزبىي ياشلىرىنى نابۇت قىلمىغىن، مېنىڭ دەرۋىش تەربىيلىگۈم يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

2- ھىزبىيلارنىڭ يەنە بىر خاتالىقى شۇكى، ئۇلار يەر شارىدا الله نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشنى تولىمۇ ئاسان چاغلىدى. ئۇلار: ھىزبىيلارنىڭ ئەزالىرى ئاڭلىق تەربىيلەنسە، بۇ ئەزالار ئاۋام خەلققە ئارلىشىپ ئۇلاردىمۇ ئاڭ پەيدا قىلسا، بۇ ئارقىلىق پىكرىي كۆرەش قوزغاپ، پىكىر ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان تۈزۈملەرنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ. بۇنى مۇشۇ ھەرىكەتنى باشلىغان بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئىچىدىلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان.

ئەمەلىيەت بۇ خىل تونۇشنىڭ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى ھېچقانداق پىكرىي كۆرەش روياپقا

چىقمىدى. ھۆكۈمرانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ۋاقتىمۇ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ھىزبىيلار ئون ئۈچ يىلدا ئەمەس، 23يىلدىمۇ ھېچ ئىش قىلالمىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇخىل ئىدىيە الله نىڭ دەۋەت قانۇنىيىتىگە زىت كېلىدۇ. چۈنكى دەۋەت يولى تۈرلۈك ئازاب ـ ئۇقۇبەت ۋە ئىمتىھان ـ سىناقلار بىلەن تولغان. پىكرىي كۆرەش ھەممە مەسلىنى ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. قان ئاققۇزماي، جان بەرمەي، شېھىد بولماي بولمايدۇ. يولنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى الله نىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. الله مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن موئمىنلار ئېغىرچىلىقلار ـ غا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە زىلزىلىگە سېلىنغان ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەرلەر ۋە موئمىنلار: ‹الله نىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.»

سۈرە بەقەرە 214 ـ ئايەت

3 ـ ھىزبىيلارنىڭ يەنە بىر خاتالىقى شۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەب قەبىيلىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىنى خاتا دەلىل كەلتۈرۈپ، ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھىزبىيلارنىڭ پىكرـ ىنى قوبۇل قىلغان غەيرى كۈچلەرگە تايانماقچى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقەبە بەيئىتىنى ئالغاندا ئىمانى چوڭقۇر، بەيئەتنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە

مۇشەققەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تولۇق تەييارلانغان كىشىلەردىن بەيئەت ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىسلامىي ھۆكۈملەردە تەلىم بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا ئۇيغۇن تەربىيىلەيدىغان نازارەتچىلەرنى ئەۋەتكەن. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئىسلامىيەتنىڭ بىۋاستە كۈچلىرىگە ئايلىنىپ، مۇھاجىرلار بىلەن بىرلىكتە بۈيۈك ئىسلامىيەت بىناسىنىڭ مۇستەھكەم ئۇلىنى قۇرۇپ چىققان. يۇقىردا دېيىلگەندەك ھىزبىيلار ھىزبىي ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىش شەرتى بىلەنلا غەيرى كۈچلەرگە تايانغاندا، ھىزبىيلار ئاشۇ كۈچلەرنىڭ تورىغا چۈشۈپ قېلىپ، شۇلارغا قېتىلىپ كېتىشى ياكى ئۇلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلىشى مۇمكىن.

4 ـ ھىزبىيلارنىڭ يەنە بىر خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ فىقھى ھۆكۈملەر توغرىسىدىكى نەشىر بۇيۇملىرىدا ئىسلامغا تامامەن يات بولغان يۇچۇن پەتىۋالارنى بەردى. مەسىلەن: دىنسىزلار ۋە ئاياللار ئىسلام كېڭەش پالاتاسىغا ئەزا بولسا بولىدۇ. يات ئاياللارنى سۆيۈش ۋە ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈ ـ شۈش دۇرۇس دېگەندەك.

ۋەھالانكى ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «كىمدە كىم نامەھرەمگە قاراشنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا كاپىر بولىدۇ.»

ئۇلار يەنە شۇنداق پەتىۋالارنى بەردى: «يالىڭاچ سۈرەتلەرگە قاراش دۇرۇس. ئىسلام دۆلىتىنىڭ

قوماندانى كاپىر بولسىمۇ بولىدۇ. ئايال كىشى ئېرىگە بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ. مۇسۇلمان ئالەم ئۇچقۇچىلىرىدىن ناماز ساقىت بولىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپتا ياشىغۇچىلاردىن ناماز ۋە روزا ساقىت بولىدۇ.»

ۋەھالەنكى ھەدىستا: «دەججال چىققان كۈنلەردە بىر كۈن بىر يىلغا بارابەر كېلىدۇ دېيىلدى. ساھابىلەر ئۇكۈنلەردە قانداق ئىبادەت قىلىش توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكى كۈنلەرنى ئۆلچەم قىلىڭلار!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ھىزبىيلار «ئىسلام دۇنياسىغا قىزغىن چاقىرىق» ناملىق كىتابىدا مۇنداق پەتىۋا بېرىدۇ: «ئىسلام دۆلىتى كاپىر دۆلەتكە جىزيە تۆلىسە بولىدۇ. بارلىق قانۇنلار، جۈملىدىن سۈۋەيس قانىلى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئورتاق بولغان ئۆتەڭ، ھەرقانداق قاتناشنىڭ قانۇنلاردىن ئۆتۈشنى توسۇشىغا بولمايدۇ. تۈركىيە ۋە ئافغانىستاندىن باشقا بارلىق ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشلىقلىرى جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى - دۇر.»

ۋەھالەنكى تۈركىيە 50 - يىللاردا جاھانگىرلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۈرۈشىدىكى قورچىقى ئىدى.

ھىزبىيلار ئابدۇراھمان مالىكىي يازغان «جىنايى جازا» ناملىق كىتابىنىڭ 205 - بېتىدە: «ئەبەدىيلىك مەھرىمى (ئانىسى ۋە قىز بىر تۇغقىنىغا ئوخشاش) بىلەن زىنا قىلغان زىناخورغا 10يىل قاماق جازاسى بېرىلىدۇ» دېدى. ۋەھالەنكى ئىسلامنىڭ يات ئايال

بىلەن زىنا قىلغان زىناخورغا بېرىدىغان جازاسى ئېنىق: «نىكاھلىنىپ بولغان زىناخورغا چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى، نىكاھلانمىغان زىناخورغا تەزىيە ئۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن تۇرسا، ئۇنداقتا مەھرەملىرى بىلەن زىنا قىلغان زىناخورنىڭ جازاسى قانداق بولۇپ يېنىكلەپ قالىدىكىنە؟

## ھىزبىيلارنىڭ پىكىرلىرىدىن ئۈزۈندىلەر

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

1 ـ ھىجرىيە1390 ـ يىلى جامادىيەل ئاۋۋال ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى، مىلادي 1970 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى بىر سوئالنىڭ جاۋابىدا مۇنداق دېيىلدى: «ھىجازدا ياشىغان بىر مۇسۇلمان مىسىرغا كەلمەكچى بولسا، ئۇ ياۋروپا ياكى ئامېرىكا ھەسسىدارلىق شىر ـ كەتلىرىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرسا بولىدۇ. چۈنكى بۇ شىركەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا. بىراق ئۇ مۇسۇلمان مۇسۇلمانلار شىركەتلىرىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرسا بولمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار شىركىتىنىڭ ئىش بىجىرىش سالاھىيىتى يوق. بۇ شىركەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھارام، بىلىتىدىن مەنپەئەتلىنىشمۇ ھارام.»

ھىزبىيلارنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ شىركەتلىرىدىن بىلەت سېتىۋېلىش ھارام، ئامېرىكىلىق، ئەنگىلىيىلىك، فىرانسىيىلىك غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ شىركەتلىرىدىن بىلەت سېتىۋېلىش جايىز» دەيدىغان بۇ پەتىۋاسىنىڭ قېپقىزىل خاتالىقى ھەممىگە ئايان.

بىز مۇنازىرە يۈزىسىدىن «پاي ـ چەك شىركە ـ تچىلىكى ھارام، بۇ شىركەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھارام» دېگەن قاراشقا قوشۇلساق، ئۇنداقتا بۇ مەسىلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ شىركەتلىرى بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ شىركەتلىرى ئوخشاش. چۈنكى ھەممىمىزگە ئايانكى، ئىسلام شەرىئىتىدە ھاراق سېتىش، سېتىۋىلىش، قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجماﺋ بىلەن ھارام قىلىنغان. بۇنىڭدا مۇسۇلماندىن سېتىۋ ـ ىلىش بىلەن غەيرى مۇسۇلماندىن سېتىۋىلىش ئوخشاش ھارام. ۋەھالانكى ھىزبىيلارنىڭ يۇقىرقى پەتىۋاسىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بولغاندا مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلاردىن ھاراق سېتىۋالسا ھارام بولىدىكەن، ئامېرىكىلىق ۋە فىرانسىيەلىكتىن سېتىۋالسا دۇرۇس بولىدىكەن. چۈنكى بۇ سودا مۇئامىلىسى ئامېر ـ ىكىلىقلارغا توغرا كېلىدىكەن. بۇ ئاجايىپ يۈچۈن ۋە خەتەرلىك بىر لوگىكىدۇر. قەدىمدىن باشلاپ ھېچكىشى قىلىپ باقمىغان بىر ئىشتۇر. قۇرئان كەر ـ ىمنى پارچە ـ پارچە قىلىپ، بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەز ـ ىسىگە ئىنكار قىلىشتىن الله قا سىغىنىپ پاناھ تەلەپ قىلىمىز.

2 ـ ھىجرىيە 1390 ـ يىلى رەبىئۇل ئاۋۋال ئېيىنىڭ 24 ـ كۈنى، مىلادىيە 1980 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى «شەھۋەت بىلەن سۆيۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىدا مۇنداق دېيىلدى: «بارلىق دەلىللەرنىڭ يىغىندىسىدىن قارىغاندا يات جىنسنى شەھۋەت بىلەن سۆيۈش

دۇرۇس، هارام ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كىشىلەرگە شۇنى جاكارلايمىزكى، سۆيۈش نوقۇل بىر سۆيۈش بولغانلىقى ئۈچۈنلا هارام ئەمەس. چۈنكى سۆيۈش ئىنسانلارنىڭ مىڭىش ـ تۇرۇش، كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئېچىش، تىنىش، بۇرنىنى قېقىش، ئېغىزىنى يۇمۇش، ئېچىش قاتارلىق مۇباھ قىلىقلىرىنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

يالىڭاچ سۇرەتكە چۈشۈش هارام ئەمەس بەلكى دۇرۇس. بىراق بۇنى دۆلەت چەكلەيدۇ. ئەرلەرنىڭ كوچا ـ كويلاردا ئاياللارنى سۆيۈشى شەھۋەت بىلەن بولسۇن ياكى شەھۋەتسىز بولسۇن هارام ئەمەس. بىراق بۇنى دۆلەت ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا چەكلەيدۇ. دۆلەت ئاۋام تۇرمۇشىدا بەزىبىر دۇرۇس ئىشلارنىمۇ چەكلەيدۇ. بەزى ئەرلەر ئاياللارنىڭ كىيىمنى سىلايدۇ، ئاياللارنىڭ ئاياغ، ئىچ كىيملىرىگە شەھۋەت نەزەرى بىلەن قارايدۇ. ئاياللارنىڭ ئاۋازىنى رادىئو، تېلېۋىزورلاردىن شەھۋەت بىلەن ئاڭلايدۇ. ئاياللارنىڭ مۇزىكىسىنى ياكى ئاۋازىنى ئاڭلىغان، ئېلان ـ تەشۋىقاتلىرىنى ئوقۇغان، ئايالدـ ىن كەلگەن خەتنى كۆرگەن ياكى باشقىلاردىن ئاياللارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جىنسى تەلپى قوزغىلىپ، ئالتى قايىم بولىدىغان ئادەملەر بار. بۇ قىلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇرۇس قىلىقلاردۇر.»

سىز ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەيران قېلىۋاتا ـ مسىز؟ ئۇلارنىڭ «شەھۋەت بىلەن بولسۇن ياكى شەھۋەتسىز بولسۇن سۆيۈش جايىز» دېگەن سۆزى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق. بۇنىڭدىنمۇ ھەيران

قالارلىقى شۇكى، ئۇلار «كۆپ دەلىللەر بۇ قىلىقلارنىڭ دۇرۇسلىقىنى بىلدۈرىدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇلار بۇ قىلىقنىڭ دۇرۇسلىقىغا بىر دەلىل كەلتۈرەلىسىچۇ، كاشكى! ۋەھالانكى قۇرئان كەرىمنىڭ نەسلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بۇنى ئوچۇق ھارام قىلىپ، قارا گەپ توقۇغۇچىلارغا، شۇبھە پەيدا قىلغۇچىلارغا قىلچە يوچۇق قالدۇرمىغان.

ئىبنى جەرىرتتەبەرىي ئۆزىنىڭ ئىسنادى بىلەن ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كۆزنىڭ زىناسى قاراش، لەۋنىڭ زىناسى سۆيۈش.» مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە: «ئېغىزمۇ زىنا قىلىدۇ، ئېغىزنىڭ زىناسى سۆيۈشتۇر» دېيىلگەن.

ئىسلام دىنى يات ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنى تۇتۇشنى قاتتىق مەنئىي قىلىدۇ. بۇ ھارامنى قىلغان ئادەملەرنى قاتتىق جازا بىلەن قورقىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن تۇتۇشتىن سەترەك ۋە بۇزۇقراق بولغان سۆيۈشۈش ئەلۋەتتە ھارام قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىرىڭلارنىڭ ئۆز بېشىغا يىڭنە سانجىشى نامەھرەم ئايالنى تۇتقىنىدىن ياخشىدۇر.»

ئىسلام ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىگە شەھۋەت بىلەن قارىشىنى كەسكىن ھارام قىلغان يەردە قاراشتىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولغان سۆيۈشۈشنى ھارام قىلماسمۇ؟

ئۇلار بۇ پەتىۋالىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلا-رغا ئېلىپ كەلگەن ئاپەتلىرىنى بىلەمدىغاندۇ؟

قارىسام ئۇلار مۇشۇنداق پەتىۋالارنى تارقىتىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى بۇزۇقچىلىق ۋە ئەخلاقى

چۈشكۈ- نلۈككە قىزىقتۇرىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ پەتىۋا- لىرىدا چىڭ تۇرۇپ، ھازىر بولۇۋاتقان بۇزۇقچىلىقلارنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋاتىدۇ. ياش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق قىممەت قارىشىنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ.

ئوبدان قاراپ باقايلى! بۇ نېمە دېگەن خەتەرلىك ئىش ھە؟!

4 - ھىجرىيە 1392 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 2 - كۈنى مىلادي 1972 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بىر سوئالنىڭ جاۋابىدا مۇنداق دېيىلدى: «سۈنئىي چاچ سېلىش، غەربچە ئىشتان كىيىش، پەرەنجە ئارتىش ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋە-

---

تەبەراني رىۋايەت قىلغان. راۋىيلىرى ئىشەنچلىك ھەدىس.

تلىك بولغان ئىشلاردا ئايال ئېرىگە ئىتائەت قىلمىسا، ئايال ئىتائەتسىزلىك قىلغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەر ئايالىنى سايلامغا ياكى ئاممىۋي قورولتايغا قاتناشماسلىققا بۇيرۇسا، ئايال ئېرىگە ئىتائەت قىلمىسا بۇمۇ ھەم ئىتائەتسىزلىك ھېسابلا- نمايدۇ. ئەمما ئېرى ئايالىنى دەرىزىنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇسا، ئايالى ئۇنىمىسا بۇ ئىتائەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.»

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يالغان چاچ سېلىش ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان. سەھي بۇخارىيدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە دېيىلگىنىدەك: «اﷲ چاچ ئۇلىغۇچى، ئۇلاتقۇچى، مەڭ چەككۈچى، چەكتۈر-

گۈچى ئاياللارغا الله لەنەت قىلغان.»

بۇخارىي ئۆزىنىڭ ئىسنادى بىلەن ئائىشە(الله ئۇنىڭدىن رازىي بولسۇن) دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئەنسارىي قىز نىكاھلىنىپ بولغاندىن كېيىن كىسەللىك سەۋەبى بىلەن چېچى چۈشۈپ كەتكەن. ئۇلار ئۇ ئايالغا سۈنئىي چاچ سېلىپ قويماقچى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله چاچ ئۇلىغۇچى، ئۇلاتقۇچى ئايالغا لەنەت قىلدى» دېگەن.

سەھي بۇخارىيدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار: ئۇممۇ يەئقۇب ئىسىملىك بىر ئايال ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازىي بولسۇن)نىڭ «الله مەڭ قويغۇچى، ۋە قويدۇرغۇچى ئايالغا لەنەت قىلدى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە سەن پالانى، پالانى ئايالغا لەنەت قىلىپسەنغۇ؟ دېدى. ئىبنى مەسئۇد: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەنەت قىلغانلارغا مەن نېمە دەپ لەنەت قىلمىغۇدەكمەن؟» دېدى. ئۇ ئايال: سېنىڭ ئەھلى ئاياللىرىڭنىڭمۇ مەڭ قويغانلىقىنى كۆردۈم دېدى. ئىبنى مەسئۇد: ھازىر بېرىپ قاراپ باق! دېدى. ئۇ ئايال بېرىپ قارىسا ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئاياللىرىدا ئۇنداق ئىش يوق ئىكەن. ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېدى: «ئەھلى-ئاياللىرىم شۇنداق قىلغان بولسا، مەن ئۇلار بىلەن بىرگە بولمىغان بولاتتىم.»

قارىمامسىز ئىبنى مەسئۇد ئۆز ئاياللىرىنىڭ مەزكۇر ھەدىستە چەكلەنگەن قىلىقلارنى قىلىشنى ئورۇننى

ئايرىش ئارقىلىق ئەدەپلەشكە تېگىشلىك ئىتا ـ ئەتسىزلىك دەپ قارىغان. اﷲ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئىتائەتسىزلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار! بۇ ئۈنۈم بەرمىسە بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار! بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئاستاراق ئۇرۇڭلار! ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار!»

ئىمام نەۋەۋي ئىبنى مەسئۇدنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: جۇمھۇر ئۆلىما مۇنداق دە ـ

سۈرە نىسا 34 ـ ئايەت

يدۇ: ئىبنى مەسئۇدنىڭ «بىرگە بولمايتتىم» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى بىرگە ياشمايتتىم بەلكى ئايرىلىپ كىتەتتىم دېگەن بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن چاچ ئۆلاش، ناماز ئوقۇماسلىق قاتارلىق گۇناھلارنى قىلغان ئاياللارنى قويۇۋىتىش كېرەك. (اﷲ ئەڭ بەك بىلگۇچىدۇر)

4 ـ ھىجرىيە 1390 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى مىلادي 1970 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدە ـ نىكى بىر سوئالنىڭ جاۋابىدا مۇنداق دېيىلدى: «سەپەردىن كەلگەن كىشى يات جىنسلارنى سۆيسە ياكى قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، زىنا ياكى بەچچىۋاز ـ لىق مەقستى بولمىسا، بۇ خىلدىكى سۆيۈشۈش ياكى قول ئىلىشىپ كۆرۈشۈش ھارام ئەمەس. بۇ ئىككى ئىش شەكسىز ھالال.»

ھىجرىيە 1390 ـ يىلى رەبىئۇل ئاخىرنىڭ

1 ـ كۈنى مىلادي 1980 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى بىر سوئالنىڭ جاۋابىدا مۇنداق دېيىلدى: «ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىرى، ھەربىي قوماندان ۋە خەلىپە ئىز باسارـ لىرى كاپىر بولسا بولىدۇ...

ھايۋانلارنىڭ تېزىكى، قۇشلارنىڭ مايىقىدىن پايدىلىنىپ يەر ئوغۇتلاش، تونۇر ئاقارتىش ۋە بۇنىڭدىن باشقا مەنپەئەتلىنىشلەر ھارام بولىدۇ. نىجىس سۇلار بىلەن زىرائەتلەرنى، ھايۋانلارنى ۋە ئۇچار قۇشلارنى سۇغۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ نىجىس بىلەن مەنپەئەتلەنگەنلىكتۇر. ئۆي ئىتلىرىنى ۋە ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى گۆش يەيدىغان ھايۋانلارنى ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشلىرى بىلەن بېقىشقا بولمايدۇ. ھۆنەرۋەنلەر ئىسپىرت ئىشلەتسە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھارام بىلەن مەنپەئەتلەنگەـ نلىك. كاپىر دۆلەتنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى قوبۇل قىلىش جايىز بولىدۇ.

ھىزبىيلارنىڭ «خەبەرى ۋاھىد ئەقىيدىگە ئاساس بولمايدۇ» دېگەن قارىشى

ھىزبىيلارنىڭ قوللانما كىتابى «ھۆججەت» نىڭ 58 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلدى: «ئەقىدە پەقەت جەزمي دەلىللەردىنلا ئېلىنىدۇ. گۇماني دەلىللەردىن ئېلىش ھارام.»

يەنە بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ: «ھىزبۇتتەھرىير دىنسىز تەشكىلات. چۈنكى. بۇ تەشكىلاتنىڭ دېيىشچە: ئەقىدە پەقەت جەزمي ۋە كەسكىن

دەلىللەردىنلا ئېلىندۇ.... ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ ھېچقايسىسى گۇماني دەلىللەردىن ئەقىدە ئېلىش جايىز دېگەن ئەمەس. بەلكى ھەممە ئۆلىمالار «ئەقىدىگە جەزمي دەلىل كېتىدۇ» دېگەن. ئەقىدىنىڭ جەزمي دەلىلدىنلا ئېلىنىشى پۈتۈن ئۆلىمالار ئېتىراپ قىلغان بىر مەسىلە.»

«ھۆججەت»نىڭ 3 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلدى: «گۇماني دەلىل ئاساسىدىكى قاراشلارغا ئەقىدە قىلىش مۇسۇلمانلارغا ھارام بولىدۇ.» مەزكۇر كىتابنىڭ 4 ـ بېتىدە «خەبەرى ۋاھىد (بىر كىشى رىۋايەت قىلغان ھەدىس) گۇماني دەلىلدۇر. مەزكۇر كىتابنىڭ 6 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلدى: «شەرىئەتنىڭ ئەقىدە توغرىسىدىكى ھۆكمى شۇكى، ئەقىدىدە گۇماني دەلىللەرگە ئاساسلىنىش ھارام. ھەرقانداق مۇسۇلمان ئەقىدىدە گۇماني دەلىلنى ئاساس قىلىدىكەن، ئۇ ھارام ئىش قىلغان بولىدۇ، الله نىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.»

مەزكۇر كىتابنىڭ 6 ـ بېتىدە يەنە مۇنداق دېيىلدى: «شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، ئەقىدە قىلىش ھارام، تەستىق قىلىش ھارام ئەمەس. گۇماني دەلىلغا تەستىق قىلىش دۇرۇس، جەزمي قىلىش ھارام. ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاخىرقى تەشەھھۇددىن پارىغ بولسا الله قاسىغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن، قەۋرە ئازابىدىن، ھايات ـ مامات پىتنىسىدىن،

دەججالنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تەلەپ قىلسۇن! »

ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا مۇنداق دۇئاقىلاتتى: ئى اللە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سىغىنىپ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن...» مانا بۇ ئىككى ھەدىس خەبەرى ۋاھىد، بۇ ئىككى ھەدىستا تەشەھھۇددىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مەزكۇر دۇئانى ئوقۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇ دۇئانى ئوقۇش مۇستەھەب. بۇ ئىككى ھەدىسنى تەستىق قىلىش جايىز. بىراق جەزمى قىلىش هارام.»

## ھىزبىيلارغا رەددىيە

1 ـ رەددىيە: خەبەرى ۋاھىدنى ئەقىدىگە ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن بۇ مەسىلىدە قاتتىق تالاش ـ تارتىش بار. ھىزبىيلارنىڭ «بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ ھېچقايسىسى خەبەرى ۋاھىدنى ئەقىدىـ ىگە ئاساس قىلىشقا قوشۇلمايدۇ» دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكى ۋە مەلۇماتىنىڭ ئازلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ.

ئىبنى تەيمىييە «پەتىۋا» ناملىق كىتابىنىڭ 13 ـ توم 351 ـ 352 ـ بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق مەزھەبلەرنىڭ كۆپ ساندىكى ئۆلىمالىرى «خەبەرى ۋاھىدنى مۇسۇلمانلار تەستىق قىلغان ۋە قوبۇل قىلغان ياكى ئەمەل قىلغان بولسا، بۇ خەبەرى ۋاھىد جەزمىيەتنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ قارىدى. ئەبۇ ھەنىيفە، مالىك، شاپىئي ۋە ھەنبەلىيە مەزھەبىدىكى ئۇسۇل

پىقھى مۇسەننىپلىرى شۇنداق دېگەن. پەقەت كېيىنكى بىر تۈركۈم ئالىملار، بىر قىسىم ئەھلى كالامنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەھلى كالامنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى پەقىھ ئۆلىمالارنىڭ، مۇھەددىسلەرنىڭ ۋە سەلەپىيلارنىڭ مەزكۇر كۆزقاراشلىرىغا قوشۇلىدۇ. ئەشئەرىيلاردىن ئەبۇ ئىسھاق، ئىبنى پۇرەك قاتارلىق كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ھەم شۇ خىل قاراشتا. ئەمما باقىللانىي بۇنى ئىنكار قىلدى. باقىللانىيغا ئەبۇل مۇئالىل جۇۋەينى، ئەبۇ ھامىدىل غەززالىي، ئىبنى ئەقىيلىل ھەنبەلىي، ئىبنى جەۋزىل ھەنبەلىي، ئىبنى خەتىب ۋە ئامۇدىي قاتارلىقلار ئەگەشتى.

شاپىئىي مەزھىبىدىكى ئىماملاردىن ئەبۇ تەييىب ۋە ئەبۇ ئىسھاق قاتارلىقلار؛ مالىكىي مەزھىبىدىن ئابدۇلۋەھھاب قاتارلىقلار؛ ھەنبەلىيە مەزھىبىدىن شەمسۇددىن سەرخەسىي قاتارلىقلار خەبەرى ۋاھىد دەلىل بولىدۇ دېگەن قاراشتا.

خەبەرگە تەستىق قىلىش خەبەرگە جەزىم قىلىشنى لازىم تۇتىدۇ. بۇنىڭدا مۇھەددىسلارنىڭ ئىجمائى ھېساب بولىدۇ. خۇددى بۇيرۇق، چەكلىمە، مۇباھ قاتارلىق ھۆكۈملەردە ئۆلىمالارنىڭ ئىجمائى ھېساب بولغاندەك.

ئىمام شاپىئىي خەبەرى ۋاھىدنىڭ دەلىللىكىگە ئوتتۇز نەچچە دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى خەبەرى ۋاھىدنى بىردەك ئاساس قىلىپ كەلدى.»

ئەلبانى ئەقىيدىدە خەبەرى ۋاھىدنى ئاساس قىلىشنى لازىم تۇتىدىغان يىگىرمە نەچچە دەلىل كەلتۈردى ۋە ئىبنى مىنداد، كەرائىي، ئىبنى ھەزمي، ئەبۇ يەئلەل ھەنبەلي، ئەبۇ ئىسھاق شىرازي قاتارلىق ئالىملارنىڭ مۇنۇ سۆزلىرنى نەقىل قىلدى: «خەبەرى ۋاھىدنى مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولسا، ئۇنداق خەبەرى ۋاھىد مەيلى ئۇنىڭغا ھەممە مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلغان بولسۇن ياكى قىسمەن مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلغان بولسۇن جەزمى قىلىشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى لازىم تۇتىدۇ.»

بۇ مەسىلىدە يەنە باشقا بىر قانچە مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن.

2 ـ رەددىيە: ئەقىدە بابىدا تەستىق بىلەن جەزمىيەتنى ئايرىشقا ھېچقانداق ئۆلىما قايىل بولمىدى. بەلكى بارلىق ئۆلىمالار ئىماننىڭ تەئرىپىدا مۇنداق دېدى: «ئىمان دېگەن قەلب بىلەن تەستىق قىلىش، تىلى بىلەن جەزمي قىلىشتۇر.» قايسى بىر ئېتىقادي مەسىلىگە تەستىق قىلغانلىق ئۇنىڭغا جەزمى قىلغانلىقتۇر.

3 ـ رەددىيە: ھىزبىيلار «قەۋرە ئازابى ۋەدەججالنىڭ پىتنىسى» توغرىسىدىكى ئىككى ھەدىسنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھەدىسنى تەستىق قىلىش جايىز دەۋاتىدۇ. ئۇسۇل پىقھى ئۆلىمالىرى بىردەك «مەپھۇم مۇخالىپە (تەتۈر ئۇقۇم) ھۆججەت بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. مۇشۇ بويىچە

تەھلىل قىلغاندا ئۇلارنىڭ تەستىق قىلىش جايىز بولىدۇ دېگەن سۆزى تەستىق قىلماسلىقمۇ جايىز بولىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇسۇلى پىقھى ئۆلىمالىرىدىن شاپىئي، مالىكي، ھەنبەلي مەزھىبىدىكىلەر تەتۇر ئۇقۇم قۇرئان ھەدىستىمۇ ھۆججەت دەپ قارايدۇ. ھەنەپىيلار بۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ.»

ھىزبىيلارنىڭ يۇقىرقى گېپى بويىچە قەۋرە ئازابىنى ۋە دەججالنىڭ چىقىشىنى تەستىق قىلماسلىق جايىز. بىراق ھىزبىيغا ئەزا بولۇپ، «ھۆججەت» نى قوللانما قىلغان ياشلار قەۋرە ئازابى بار، دەججال چىقىدۇ دەپ ئەقىدە قىلىشى ھارام. ناۋادا شۇنداق ئەقىدە قىلىپ قالسا گۇناھكار بولىدۇ.

4 ـ رەددىيە: ئۇلارنىڭ يۇقىردىكى ھەدىس توغرىسىدىكى «بۇ ھەدىسنى تەستىق قىلىش جايىز» دېگەن سۆزى بىلەن مۇشۇ ھەدىستىكى دۇئانى ئوقۇش مۇستەھەب دېگەن سۆزى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ. جايىز دېگەن قىلىش، قىلماسلىق باراۋەر بولغان ئىشلاردۇر. يالغانلىغا چىقىرىش مۇمكىن بولغان ھەدىس بىلەن قانداقمۇ مۇستەھەب ئەمەل ئىسپاتلىنىدۇ؟

ئۇلار دۇئا قىلىش دۇرۇس دېگەن بولسا، تەستىق قىلىش دۇرۇس دېگەن سۆزىگە توغرا كەلگەن بولار ئىدى. ياكى خەبەرى ئاھادنى تەستىق قىلىش مۇستەھەب دېگەن بولسا، دۇئا قىلىش مۇستەھەب دېگەن سۆزىگە توغرا كەلگەن بولار ئىدى. ئۇلار شۇنچىلىكمۇ دېيەلمىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا خەبەرى ئاھادقا

ئەقىدە قىلىش ھارام دېيىش بىلەن، خەبەرى ئاھاد بىلەن دۇئا قىلىش مۇستەھەب دېگەن سۆز ئۆز-ئارا زىت كېلىدۇ. ئەقىدە قىلىش ھارام بولغان نەرسە بىلەن قانداقمۇ مۇستەھەب ئىسپاتلىنىدۇ؟

شەيخ ئەلبانىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ئەقىدە توغرىسىدىكى مۇشۇ سۆزلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە دائىم قوللانما قىلىشى ئەمەلىي ھۆكۈملەردە خەبەرى ۋاھىدقا ئەمەل قىلماسلىقنى لازىم تۇتىدۇ. ئەمەلىي ھۆكۈملەردە خەبەرى ۋاھىدقا ئەمەل قىلماسلىق توغرا ئەمەس. بۇنىڭغا ھىزبىيلارنىڭ ئۆزىمۇ قايىل. ناتوغرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ ناتوغرا بولىدۇ.»

ئەلبانىي ھىزبىيلار يۇقىردا بايان قىلغان قەۋرە ئازابىدىن ۋە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسنى مىسال قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ. ھازىر ئۇ ھەدىسلەرنى بىر-بىرلەپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. «ئەقىدە بابىدا خەبەرى ۋاھىدقا ئەمەل قىلما-سلىق كېرەك» دېگۈچىلەر ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ ھەدىسقا ئەمەل قىلمىسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر تۈپ قائىدىسىنى بۇزغان بولىدۇ. بۇ تۈپ قائىدە ھۆكۈملەردە خەبەرى ۋاھىدقا ئەمەل قىلىش ۋاجىب دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بۇ قائىدىسىنىڭ قار-شىسىغا قايىل بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى شەرىئەتتە كۆپىنچە مەسىلىلەر خەبەرى ۋاھىدنى ئاساس قىلىدۇ. ناۋادا ئۇلار مەزكۇر قائىدىنى كۈچكە ئىگە قىلىش

ئۇچۇن ھېلىقى ھەدىسكە ئەمەل قىلسا، بۇ چاغدا «خەبەرى ۋاھىدقا ئەمەل قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆزنى بۇزغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار «بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىمىز. بىراق ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىكى قەۋرە ئازابىنى ئىسپاتلاش ۋە دەججالنىڭ چىقىشىنى ئەقىدە قىلمايمىز» دېسە، بىز دەيمىزكى: ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئەقىدە قىلىشنى لازىم تۇتىدۇ. ئۇنداق بولمىغا ـ ندا، ئەمەل شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمايدۇ ۋە ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. نەتىجىدە تۇپ قائىدىگە ئەمەل قىلىنمىغان بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا شۇ يېتەرلىككى، ئۇلارنىڭ سۆزى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ «ئەقىدە بابىدا خەبەرى ۋاھىدنى تۇتۇش ۋاجىب» دېگەن قارىشىغا زىت كېلىدۇ.»

5 ـ رەددىيە: ھىزبۇتتەھرىير ئۆز ئەزالىرىغا قەۋرە ئازابى بار، دەججال چىقىدۇ دەپ ئەقىدە قىلىشنى ھارام قىلىپ كەلدى. شۇنداق ئەقىدە قىلغان كىشىنى گۇناھكار ھېسابلىدى. ۋە ھالانكى بۇ ھەقتە مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر بارئىدى.

كەتتانىينىڭ «ھەدىس مۇتىۋاتىر توغرىسىدىكى تىزىقلار» ناملىق كىتابىنىڭ 146 ـ سەھىپىسىدە مۇنداق دېيىلدى: «شەۋكانىينىڭ «روشەن بايان» ناملىق كىتابىدا دەججالنىڭ چىقىشى توغرىسىدا يۈز ھەدىس بار. سەھي ھەدىس توپلاملىرىدا ۋە لۇغەت كىتابلىرىدا يەنە نورغۇن مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر بار.

مەزكۇر كىتابىنىڭ 74 ـ بېتىدە قەۋرە ئازابى

توغرىسىدا مۇنداق دېيىلدى: «قەۋرە ئازابى توغرىسىدا ئۆتتۈز ئىككى ساھابە ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.»

شەيخ ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى سۈننى قەۋرە ئازابىنىڭ بارلىقىغا ئىجمائ قىلدى.»

«چىراغلار» ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دېدى: «ئەگەر قەۋرە ئازابى توغرا بولمىسا، دىنىنىڭ ھېچنەرسىسى توغرا بولمايدۇ.»

ھىزبىيلارنىڭ«كاپىرلارنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشى ۋاجىب» دېگەن سۆزى توغرىسىدا:

ھىزبىيلارنىڭ قوللانماكىتابى بولغان «ھۆججەت» تە جىھادنىڭ پەرزلىكى ۋە ھۆكۈمدارنى ياخشى-يامان، ئىسلام بويىچە ھۆكۈم قىلدى- قىلمىدى دەپ ئايرىماي ھۆكۈمدارغا بويسۇنۇپ، جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە توختالغاندا، مەزكۇر كىتابنىڭ 62-بېتى، 25-قۇرىدىن، 37-قۇرىغىچە بولغان ئارلىقتا مۇنداق دېيىلدى: «بۇ يەردە بىر سوئال كېلىدۇ. ئۇ سوئال قورچاق ھاكىمىيەت كاپىر دۆ- لەتنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كاپىر بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلانغاندا، ئاشۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىش ۋاجىبمۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، ئىشقا ئاشۇرۇلماقچى بولغان پىلاندا مۇسۇلمانلارغا زەربە ياكى ئازار كېلىپ قالمىسىلا، ئاشۇ ھۆكۈمدارنىڭ بايرىقى ئاستىدا

ئۇرۇشقا قاتنىشىش ۋاجىب. گەرچە بۇ ئۇرۇش كاپىر دۆلەتنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كاپىرلارغا قارشى قىلىنىدىغان ئۇرۇش بولسىمۇ. چۈنكى جىهادنىڭ دەلىللىرى قەيدسىز ئامدۇر. جىهادنىڭ دەلىللىرىنى قايسى بىر ھالەت بىلەن قەيد قىلىش قۇرئان، ھەدىستىن ئامنى قەيد قىلىشقا يارايدىغان دەلىللەرنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج بولىدۇ. ۋەھالانكى قەيد قىلىدىغان دەلىل يوق. ئەقلي دەلىل نەسنى قەيد قىلىشقا يارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش ۋاجىب.

ئەمما ھېلىقى پىلان مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىشكە، مۇسۇلمانلارنى يوقىتىشقا قارىتىلغان بولسا، بۇ چاغدا ھېلىقى ھاكىمىيەتنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا بولمايدۇ. بەلكى ئۇرۇشقا قاتنىشىش ھارام بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى ھالاك قىلىش ھارام. شەرئەتنىڭ «ھارامغا ۋاستە بولغان نەرسە ھارامدۇر» دېگەن قائىدىسى بار. ۋاجىب، مۇستەھەب، مۇباھ قاتارلىقلار ـ مۇ ھارامغا ۋاستە قىلىنسا، ئوخشاشلا ھارام بولىدۇ. بۇ قائىدە بويىچە بولغاندا ھېلىقى ھۆكۈمدارنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇشقاقاتنىشىش دېگەن بۇ ۋاجىب ھارامغا ۋاستە بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەكسىز ھارام.

دېمەك، بۇ ئەھۋالدا ئۇرۇش قىلىش ھارام دېيىش قەيدسىز نەسنى قەيد قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئايرىم ئەھۋالدا ئايرىم ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلغا ـ نلىقتۇر.

مۇشۇ بويىچە بولغاندا ھەرقانداق ھۆكۈمدار ـ نىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىش ۋاجىب دېگەن بۇ شەرئىي ھۆكۈم ئۆز پېتىچە داۋاملاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

ھىزبىيلارنىڭ پېشۋاسى تەقىييۇددىن ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىدۇ.

1 ـ «دۇنيا تېرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللە يولىدا جىھاد قىلسۇن!»

2 ـ «سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللە يولىدا جىھاد

سۈرە نىسا 74 ـ ئايەت

قىلمايسىلەر؟ ۋە ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە باللارنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن جىھاد قىلمايسىلەر؟»

3 ـ «موئمىنلار ئاللە يولىدا جىھاد قىلىدۇ.»

4 ـ «شۈبھىسىزكى ئاللە موئمىنلاردىن ئۇلارنىڭ ماللىرىنى، جانلىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللە يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىلىدۇ.»

5 ـ «ئى موئمىنلار! سىلەرگە ئاللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار! دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت بەختىگە تىگىشىشكە رازي بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار ئاللە سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. سىلەرنى ھالاك قىلىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. سىلەر ئاللە قا قىلچە

زىيان يەتكۈزەلمەيسلەر.»

6 ـ «مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار!»

7 ـ «سىلەر ئەھلى كىتابتىن اللە ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇ ـ

سۈرە نىسا 75 ـ ئايەت سۈرە نىسا 76 ـ ئايەت سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت سۈرە تەۋبە 38 ـ 39 ـ ئايەت سۈرە تەۋبە 36 ـ ئايەت

لار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار!»

ھىزبىلار دەلىل كەلتۈرگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنەس (اللە ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان مەرپۇئ ھەدىسستە مۇنداق دېگەن: «جىھاد اللە مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن باشلاپ ئاخىرى زامان ئۇممىتىم دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. جىھادنى زوراۋانلارمۇ، ئادىللارمۇ ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ.»

2 ـ ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ياخشى ئەمىر بىلەنمۇ، يامان ئەمىر بىلەنمۇ ھامان جىھاد قىلىنىدۇ.»

مەكھۇل ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق

بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «ئەمىرىڭلار ياخشى بولسىمۇ، يامان بولسىمۇ سىلەرگە جىھاد ۋاجىب. مەيلى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، گۇناھى كەبىرلەرنى قىلىدىغان بولسۇن، ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇش سىلەرگە ۋاجىب.

---
سۈرە تەۋبە 29 ـ ئايەت

## ھىزبىيلارنىڭ قاراشلىرىغا رەددىيە

ھىزبىيلارنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىغا پاكىت قىلىپ كەلتۈرگەن دەلىللىرىنى ئويلىنىپ باققان كىشى ئۇلار ـ نىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ دەلىللىرى بىلەنلا چۈۋۈۋېتە ـ لەيدۇ.

**1** ـ رەددىيە: ئۇلار قەيدسىز دەپ دەۋا قىلغان يۇقىرقى ئايەتلەردە قەيد بار. ئۇ قەيد «الله نىڭ يولىدا» دېگەن سۆز.

دېمەك: بۇ ئايەتلەر قەيدلىك، قەيدسىز ئەمەس.

الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئىسلامي جىھادنىڭ نىشانى. دەلىلسىز سۆز قىلمايدىغان، ئەقلىغە زىت گەپ قىلمايدىغان ھىزبىيلار بۇ نىشاننى ئۆزگەرتكە ـ نىمدۇ؟ ھىزبىيلار كاپىرلارغا خىزمەت قىلىپ، كاپىر دۆلىتىنىڭ پىلاننى ئىجرا قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىسلامي جىھادنىڭ نىشانىنى ئۆزگەر ـ تكەنىمدۇ؟

ئەبۇ مۇسا ئەشئەري (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن!) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم

باتۇرلىقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىر ئادەم غۇرۇرنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا بولىدۇ؟ دەپ سورالغا ـ نىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ كىشى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ.» (بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

دېمەك: جىھادنىڭ نىشانى الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈ ـ نلۈككە ئىگە قىلىش. شۇڭا باتۇرلىقنى ئاشكار ـ ىلاش ياكى ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە غەنىمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش جايىز ئەمەس. بۇ نىشان قانداقلارچە كۇپپارلارنىڭ غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە باش ئەگدۈرۈپ، دىن دۈشمەنلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

ھىزبىيلار دەلىل كەلتۈرۈپ ئاخىرىنى دىگىلى ئۇنىمىغان ئايەتتە مۇنداق بار: «موئمىنلار الله يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ.»

الله يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «كۇپپارلار قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتتۇرىۋە ـ تكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ.»

پاك الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى كاپىرلار مال ـ مۈلۈكلىرىنى الله نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرىپ قىلىدۇ. سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ.»

دېمەك، كاپىرلارنىڭ نىشانى ئېنىق. ئۇلارنىڭ نىشانى شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، مۇسۇلمانلا ـ رنى دىنىدىن ياندۇرۇش ۋە الله نىڭ يولىدىن توسۇش. ئۇنداقتا كۇپپارلارنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز قېنىنى ئېقىتىشى قانداقمۇ جايىز بولىدۇ؟!

سۈرە بەقەرە 217 ـ ئايەت سۈرە ئەنفال 36 ـ ئايەت

بۇ قەتئىي جايىز ئەمەس. چۈنكى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، كاپىرلارنىڭ نىشانى شەيتان يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ۋە الله نىڭ يولىدىن توسۇش. مانا بۇ كاپىرلارنىڭ ئۇرۇشتا يەتمەكچى بولغان نىشانى.

2 ـ رەددىيە: يۇقىرىدا ئۆتكەندەك، ھىزبىيلار: «كاپىر دۆلەتنىڭ پىلانى مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى ھالاك قىلىش بولسا، بۇ چاغدا كاپىر ئەمىرنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ. بەلكى ئۇرۇش قىلىش ھارام بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ قارىشىغا «ھارامغا ۋاستە بولغان نەرسە ئۆزى ھارام» دېگەن قائىدىنى دەلىل قىلىدۇ.

بىز ھىزبىيلارغا مۇنداق دەيمىز: «مۇسۇلمانلار كۇپپارلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا زەربە يېمەمدۇ؟ ھالاك بولمامدۇ؟ كۇپپارلارنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ھارام ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرى، ماللىرى ۋە ئىسلامىي

دۆلەتنىڭ بار ـ يوق ئىمكانىيەتلىرى دەپسەندە قىلىنسا قانداق بولىدۇ؟ نېمىشقا بۇ جايدا مەزكۇر قائىدىگە ئەمەل قىلىنمايدۇ؟ شۈبھىسىزكى كۇپپارلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ئۇلارنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ۋاستە بولىدۇ. هارام ۋاستە قىلىنغان نەرسە ئۆزى هارام ئىدىغۇ؟!

3 ـ رەددىيە: بىز ھىزبىيلارغا يەنە شۇنداق دەيمىزكى: «كاپىر دۆلىتىنىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قورچاق هاكىمىيەتنىڭ بايرىقى ئاستىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ۋاجىب بولسا، ئۇنداقتا مۇسۇلمانلارغا يەھۇدىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ھەبەشلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋاجىبمۇ؟ مۇسۇلمانلار قوشۇن تەشكىللەپ بار ـ يوق كۈچىنى چىقىرىپ ئامېرىكا بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلامدۇ؟ ياكى كوممۇنىستلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش قىلامدۇ؟ ياكى ئىنگلىزلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ گىرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلامدۇ؟!

4 ـ رەددىيە: ھىزبىيلار ھەمىشە ئۆزىنى سىياسىي ئېڭىمىز بار دەپ كۆرەڭلەپ، هاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنى جاھانگىر كاپىرلارنىڭ قول چوماقچىلىرى دەپ ئەيىبلەيدۇ. هۆكۈمدارلارغا ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيىنىڭ غەرىزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋاجىب بولسا، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكلىرىنى، بار ـ يوق ئىمكانىيەتلىرىنى ئىسلام دۇنياسىغا ئۇرۇش ئېچىۋاتقان ئامېرىكىلىق، فىرانسىيىلىك ۋە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ئۈچۈن قۇربان بېرىش ۋاجىب بولسا، ھىزبىيلار يەنە نېمە دەپ شۇنداق چۇقان سالىدۇ؟!

5 ـ رەددىيە: كاپىرلارنىڭ غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى ۋاجىب بولسا، ھىزبىيلار يەنە نېمە دەپ باشقىلارنى خائىنلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىدۇ دەپ جار سالىدۇ؟

ھىزبىيلارنىڭ ھەدىستىن كەلتۈرگەن دەلىللىرىگە ئۈچ خىل رەددىيە بېرىلىدۇ.

1 ـ بىرىنچى ھەدىس «ئەنەس(الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن!)» نىڭ ھەدىسنى ۋە ئۈچىنچى ھەدىس «مەكھۇل (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن!) ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس» نىمۇ دەلىل قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىرىنچى ھەدىس ئەنەس (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن!) دىن يەزىد ئىبنى ئىبنى شەيبە رىۋايەت قىلغان. بۇ بىر نامەلۇم راۋىي. ئۈچىنچى ھەدىس مۇنقەتىئ. چۈنكى مەكھۇل (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن!) ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازي بولسۇن!) دىن ئاڭلىمىغان.

2 ـ ھىزبىيلار كەلتۈرگەن ھەدىسلەردە ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا دەلىل يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەـ يھىسسالام بىرىنچى ھەدىستە ئېنىق قىلىپ: «ياخشى ئەمىر بىلەنمۇ، يامان ئەمىر بىلەنمۇ ئۇرۇش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ» دەيدۇ. ئۈچىنچى ھەدىستە «جىھاد سىلەرگە» ۋاجىب دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۆزىدە دېيىلگەن ئۇرۇش كۇپپارلارنىڭ غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇ- ۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇشمىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلە- يھسسالام ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن جىھادنىڭ پەقەت الله يولىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن. غەنىمەت ئېلىش، نام- شۆھرەت ۋە باتۇرلىقىنى كۆرسىتىش قاتارلىق دۇنيالىق مەقسەت بىلەن ئۇرۇش قىلىش جىھاد ئەمەس. قۇرئاندىمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئايەتلەر كەلگەن. كۇپپارلارنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ شان-شۆھرىتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇش ئۇرۇشلىرى قانداقمۇ جىھاد بولىدۇ؟!

3 - ھىزبىيلار دەلىل كەلتۈرگەن ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى شۇكى، جىھاد مەڭگۈ ئۈزۈلمۈپ قالمايدۇ. ھۆكۈمدارلارنىڭ زۇلۇم-ستەملىرى ئۇلارنىڭ جىھاددىن ئالىدىغان ساۋابىنى قىلچە كېمەيتەلمەيدۇ. بۇ خۇددى ئۇلار كىشلەرنى ياخشى ئىشلارغا، مەسلەن: كىشلەرنى ناماز، زاكات، ھەج ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەرز ئەمەللەرگە، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇسا، ئۇلارنىڭ ساۋابىنىڭ كېمىيىپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر.

ھىزبىيلار ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىكى كىشلەرنىڭ شۇنداق ناشايان سۆزلىرىدىن الله قا شىكايەت قىلىمىز. الله نىڭ ياردىمى بولمىسا گۇناھ-مەئسىيەتتىن يانغىلى، تائەت-ئىبادەت يولىغا ماڭغىلى بولمايدۇ. الله بىزگە كۇپايىدۇر، ناھايىتى ياخشى ھامىيدۇر.

قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ قول ئاستىدا كۆپپارلارنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ جايىزلىقىغا قايىل بولۇش ۋە بۇنى الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش كىشىلەرنى ئىسلام دىنىدىن ۋە الله نىڭ يولىغا قايتىشتىن ئۈركۈتۈش ئۈچۈن ئىسلام نامىدا توقۇپ چىقىلغان ئىغۋادۇر. ئەقىللىق كىشىلەر ھىزبىيلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ھىزبىيلارنىڭ «جاھانگىرلارنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتنىشىش جايىز» دېگەندىن ھالقىپ، بۇ ئۇرۇشنى ۋاجىب دېيىشىدىكى يامان غەرىزى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۆزىنىڭ مۇئمىن قوشۇنىنى شەيتانلار يولىدا جان بېرىشكە بۇيرامدۇ؟! بۇ الله ۋە الله نىڭ دىنىغا توقۇلغان بوھتاندۇر. «الله قا يالغاننى توقىغان ياكى الله نىڭ ئايەتلىرىگە تەكزىب قىلغان كىشىدىنمۇ زالىمراق كىشى بارمۇ؟»

7 ـ رەددىيە: ھىزبىيلار «ھۆججەت» ناملىق كىتابىدا «ئەمىر گۇناھقا بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىش جايىز ئەمەس» دەپ ئوچۇق ئېيتقان. بىز ئۇلاردىن سوراپ باقايلى: كاپىر دۆلەتنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش گۇناھمۇ؟ ياكى ساۋاپمۇ؟!

سۈرە ئەنئام 21 ـ ئايەت

# ئۈچىنچى پەسلى
# ئىخۋانۇل مۇسلىمىن (مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى)

**1 ـ بەھس: ئىخۋانىيلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى:**

بۇ ئۇيۇشمىنى شېھىد ھەسەن بەننا قۇرغان. ھەسەن بەننا ھىجرىيە 1324 ـ يىلى، مىلادىيە 1906 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر مىسىرنىڭ مەھمۇدىيە دېگەن جايىدا دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن.

ھەسەن بەننانىڭ دادىسى ئەھمەد ئابدۇراھمان «مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد» نى فىقھى ھۆكۈملەر بويىچە 24جىلدقا رەتلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ زور بايلىقتىن پايدىلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرغان.

ئۇنىڭ يەنە باشقا ھەدىس كىتابلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئىمام شاپىئىينىڭ «مۇسنەدى»ۋە«سۈنەنى» نى رەتلەپ يازغان. «بەدائىئۇل مىنەن» ۋە ئەبۇ داۋۇد تەيالىسىنىڭ «مۇسنەدى» نى رەتلەپ يازغان. بۇ كىشى سائەت ئوڭشايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن سائەتچى دەپ ئاتالغان. زاھىدلىقتا داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ قاھىرە غەۋرىيە رايونى، رەسسام كوچىسىد ـ ىكى ئۆيىنى

زىيارەت قىلىسىڭىز، ئۇنىڭ نەقەدەر زاھىدلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلەلەيسىز. ئۆيىنىڭ تىگى داق يەر، كۇتۇپخانىلىرىمۇ بىر قانچە پارچە سىرلانمىغان ياغاچ تاختايلاردىن ئىبارەت ئىدى، خالاس.

ھەسەن بەننا مانا شۇنداق مۇھىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا ئىلىمگە، تەقۋالىققا ۋە زاھىدلىققا ئىشتىياق باغلاش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا بەك چىچەن ئىدى. كېچىدە قىيام قىلىشنى؛ دۈشەنبە، پەيشەنبىلىرى روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. ئۇ كىچىكىدىلا قۇرئان يادقا ئېلىشنى باشلىۋە - تكەن بولۇپ، بالاغەت يېشىغا يەتمەيلا قۇرئاننى تولۇق يادقا ئېلىپ بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇچۇن باش قاتۇرۇۋاتقانلىقى ۋە قايغۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن چىقىپلا تۇراتتى. ئۇ بەزىبىر يامان ئىشلارنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان دەرىجىدە غەيرەتلىك ئىدى. ئۇ بىر قېتىم پورتتا توختىغان پاراخوتتا بىر ھەيكەلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىغا پالتا ئېلىپ ھەيكەلنى چېقىش ئۇچۇن پاراخوت ئىچىگە كىرگەن.

ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپ نەپلى ئەمەل - ئىبادەتلەر ۋە ئىسلامىي پائالىيەتلەرنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرغاچقا روھي پاكلىنىپ، قەلبى سۈزۈكلەشكەن ئىدى. ئۇ مەكتەپتىكى چېغىدىلا يامان ئىشلارغا قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى تەشكىللەپ، بەزى شەخسلەرگە نامىسىز خەت ئارقىلىق نەسىھەت قىلاتتى.

ھەسەن بەننا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە پۈتۈن

مىسىر بويىچە بەشىنچىلىككە ئېرىشىپ، ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈش ئىمتاھانىغا كىرگەندە **18**مىڭ مىسرا شېئىر ۋە شۇنچىلىك كۆپ نەسرنى يادقا بىلەتتى.

ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى تەڭداشسىز يۇقىرى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسىتېت بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ھەسەن بەننا بىلەن مائارىپ مىنىستىرى ئوتتۇرىسىدا سەللە ۋە تون كىيىش توغرىلىق دەتالاش يۈز بەردى. مىنىستىر سەللە-تون كىيمەيسەن دەپ تۇرۇۋالدى، ھەسەن بەننا كىيىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ ئاخىرى ئۇتۇق قازاندى.

ھەسەن بەننا ئىسمائىلىيەدىكى بىر مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. ئىسمائىلىيەنى بىرىتانىيە دائىرىلىرى ئىگەللىۋالغان بولۇپ، بۇ يەردە ياۋروپالىشىش ئەۋجىگە چىققان ئىدى. ئىسمائىلىيە خۇددى لوندوننىڭ بىر كوچىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەنگلىيە سۇۋەيس قانىلى شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى ئىدى.

ھەسەن بەننا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ مىسىر خەلقىنى ئەزگەنلىكىنى، ئىشچىلارنىڭ بۇ قارا يۈزلەرگە قۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ مىسىردا باشباشتاقلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە بۇزۇقچىلىق يامراۋاتاتتى. غەربلىكلەر ئىسلام دىنىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ۋە كۆزدىن يوقۇتۇش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ ئىسلام خەلىپىلىكى ياۋۇز بۆرە

مۇستاپا كامال «ئاتا تۈرك» نىڭ قولى بىلەن ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىنكى مەزگىل ئىدى. ھەسەن بەننا بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشتى، قايغۇرۇپ يۈرىكى پارە بولدى.

ھەسەن بەننا شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئامال-چارىلەرنى ئىزدەپ قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىمنى الله ئۆزى بىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىغا قارىسام ئىچ-ئىچىمدىن يىغا قايناپتتى.

ھەسەن بەننا ياخشى دەپ تونۇلغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، بەش كىشى بىلەن ئىسلامىي پائالىيەت يادروسى شەكىللەندۈرۈشكە ئەھدە قىلىشتى. ئۇلار يېڭىچە بىر نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، بىز «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» دەپ جاكارلىدى.

ھەسەن بەننا ئىسمائىلىيەدە دەۋەت باشلىدى. الله ئۇنىڭ ئىشىنى مول نەتىجىلىك ۋە بەرىكەتلىك قىلدى. ئىسمائىلىيەدە تەربىيىلەنگەنلەردىن دەۋەتنىڭ تۇنجى ئاۋانگارت قوشۇنى بارلىققا كەلدى. شۇ يەردە تەربىيەلەنگەنلەرنىڭ بىرى شەيخ مۇھەممەد پەرغەلى. ئەنگلىيە دائىرلىرى ئۇنى ئىسمائىلىيەدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولغاندا، ئۇ ئەنگلىيە رەھبىرى ئالدىدا ئاجايىپ جەسۇرلۇق بىلەن: «مېنى ئىسمائىلىيەدىن پەقەت بىرلا كىشى چىقىرىۋېتەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەسەن بەننا» دېگەن.

پارۇق ھۆكۈمتى دەسلەپتە ھەسەن بەنناغا ئانچە دىققەت قىلمىدى ۋە ئېرەنشىمىدى. ئۇلار «بۇ غورتەك ئوقۇتقۇچى نېمە قىلالايدىكىن؟» دېيىشىپ يۈردى. ھەسەن بەننا ئىسمائىلىيىنى ئىسلامىي پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ، پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەندىن كېيىن قاھىرەگە يۆتكەلدى. قاھىرەدە ئىخۋانىيە ئورگىنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىسلامىي دەۋەتكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ يېزا-قىشلاقلارنى كەزدى، شەھەرلەرنى ئايلاندى. بارغانلا يەردە خەلق ئۇنى قارشى ئالدى. بىر قانچە يىل ئىچىدىلا ئىسلامىي دەۋەتنىڭ نام-شۆھرىتى پۈتۈن مىسىرغا پۇر كەتتى. كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرمۇ دەۋەتكە قوشۇلدى. ئۇششاق ئىسلام پىرقىلىرىمۇ دەۋەتچىلەر بىلەن بىرلەشتى. ئەمدى ھۆكۈمەت خەۋپسىرەپ كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىشقا باشلىدى. جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنى ئىشقا سېلىپ دەۋەت ھەرىكىتىنى پايلاپ يۈردى. ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ئون نەچچە خادىمى ھەسەن بەننادىن ئايرىلماي يۈرۈيدىغان بولدى.

ھەسەن بەننا ئەسكەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئوفىتسىرلارنى تەربىيىلەشكە باشلىدى. ئىخۋانىيلارنى چېنىقىش ۋە قورال تەييارلاشقا رىغبەتلەندۈردى. 1947-يىلىغا كەلگەندە ھەسەن بەننا بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى پەلەستىنگە ئەۋەتتى. پەلەستىن قۇملۇقلىرى ۋە تاغ باغىرلىرىدا ئۆلۈمنى ھاياتلىقتىن يۇقىرى بىلىدىغان كىشىلەر پەيدا بولۇپ، يەھۇدىيلار-نىڭ

جاجىسنى بېرىپ، ئۇلارغا ئاچچىق ساۋاقلارنى بەردى. پارۇق ھۆكۈمىتى ئەنگىلىيە بىلەن بىرلىشىپ، كونسېرى كېڭىيىۋاتقان ئىخۋانىيلار توغرىسىدا كاللا قاتۇردى. بولۇپمۇ پارۇق ھۆكۈمىتىنىڭ پەلەستىندىكى مىسىر قوشۇنىغا بۇزۇق قوراللارنى بەرگەنلىكى ئاشكارلانغاندىن كېيىن، پارۇق ھۆكۈمىتى پەلە - ستىندىكى ئىخۋانىيلارنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ئىسلام ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشكە بەزىبىر سەۋەبلەرنى جۈغلىدى. جۈملىدىن پارۇقنىڭ ئەھمەد ماھىر ۋە نەقراش ئىسىملىك ئىككى ۋەزىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ياخشى باھانە بولدى. پارۇق ئىخۋانىيلارنى ئىككى ۋەزىرنى شۇلار ئۆلتۈرگەن دەپ قارىلىدى. ئىخۋانىيلار تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ھەسەن بەننا قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرمە سىرتىدا قالدۇرۇلدى. بۇ مىلادي 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئەھۋال ئىدى. بۇ چاغدا ئىخۋانىيلار، ھەسەن بەننانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يېڭى يىل كالىندارىنى بېسىپ تارقاتتى. بۇ كالىندارنى كۆرۈپ پارۇقنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ساراڭلىقى تۇتتى. ئۇنىڭ شەيتانىي بەندە - بىغشلىرىدا تەكەببۇرلۇق قۇرتلىرى لۆمۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ ھاپىز ئەفيفى ۋە يۈسۈف رىشاتنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى مىنىستىر مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى، يەنە بىرى مەسلىھەتچى ئىدى. پارۇق ئۇ ئىككىسىگە ھەسەن بەننانىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «يېڭى

پادىشاھنىڭ سۈرىتىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» «ئۇ مېنىڭ تەختىمنى ئۆرۈمەكچى، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك!» دېدى.

مەھمۇد ئابدۇلمەجىد ئاخبارات ئاگىنتلىقىنىڭ بەش جاسۇسىنى ھەسەن بەننانى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەـ تتى. ھىجرىيە 1368 ـ يىلى، مىلادىيە 1949 ـ يىلى 12 ـ فېۋرالدا قاھىرە خەلق مەيدانى «ياش مۇسۇلمانلار ئىشخانىسى» نىڭ ئالدىدا ھەسەن بەنناغا ئوق تەگدى. ھەسەن بەننا يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ بېرىلدى. دوختۇرخانىغا ھەسەن بەننانى قانسىرىتىپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە قاتمۇ ـ قات بۇيرۇقلار چۈشتى. پارۇق جۇڭشياۋ مۇھەممەد ۋەسپىينى ھەسەن بەننانى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئەۋەتتى. ھەسەن بەننا ئاخىرقى تىنىقىغىچىلىك ھەقىقەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئامانە ـ تىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھي الله نىڭ ئىزنى بىلەن الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىدى.

مىسىر باش تەپتىشىنىڭ مىلادي 1952 ـ يىللىق خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلدى: «1949 ـ يىلى 12 ـ فۋرال، شەنبە كەچ سائەت 8:00لەردە قە ـ ستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. شۇ كېچە سائەت 12لەردە ئەزىز شېھىدنىڭ تىنىقى توختىدى. مۇھەممەد ۋەسپي ئوپىراتسىيىخانىغا كىرىپ، ھەسەن بەننانىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

دوختۇر ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر ئەمەس دېگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ۋەسپي دوختۇرخانىدىكى

كىشىلەرنىڭ ھەممىنى چىقىرىۋەتتى......»

زوڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ خاس مەسلىھەتچىسى مۇنداق دەيدۇ: «زوڭتۇڭ مۇھەممەد ۋەسپىينى ‹ھەسەن بەننا ھازىرغىچە ھايات بولسا، ئۇنى ئۇجۇقتۇرىۋەت› دەپ ئەۋەتكەن ئىدى.» ھەسەن بەننانىڭ نامىزىنى ئۇنىڭ ياشىنىپ كەتكەن دادىسى بىلەن تۆت ئايال چۈشۈردى.

پۈتۈن يۇرتتا توك توختىتىلدى. تۆت ئايال مەرھۇمنىڭ جىنازىسىنى تاشكىلار ئالدىدىكى سۈرلۈك كەيپىياتتا كۆتۈرۈپ ماڭدى.

ھەسەن بەننا دەپنە قىلىندى. ئىخۋانىيلار ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىقىپ نامايىش قىلمىسۇن ئۈچۈن قەۋرە قامال قىلىندى.

ھەسەن بەننا دۇنيادىن كەتتى. پارۇقنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى. ھەسەن بەننا ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ بىرەر ئايلىق تەمىناتىمۇ يوق ئىدى، ئۆي ئىجارىسىنىمۇ تۆلىيەلمەتتى. پارۇقنىڭ يەنە بىر باش ئاغرىقى قالدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىخۋانىيلارنىڭ پەلەستىندىكى قوشۇنلىرى ئىدى. پارۇق مىسىرنىڭ پەلەستىندىكى قوشۇنى ۋە برونپۋىك قىسىملىرىغا ئىخۋانىيلارنى تۇتقۇن قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. برونپۋىك قىسىم مۇھاجىرلارنىڭ چېدىرلىرىنى مۇھا- سىرىگە ئېلىپ، ئۇلارغا ئۆلۈم بىلەن تەسلىم بولۇش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق بەردى. ئىخۋانىيلار پارتىلاشتا كۆيۈپ كۈل بولۇشتىن قورقۇپ تەسلىم بولدى. ئۇلار جازا لاگېرىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، تاياق-توقماق

ئاستىغا تاشلاندى.

ئىخۋانىيلار ئۇستاز ھەسەن ھەزىيبىنى يېتەكچىلىككە سايلاپ جىھاد ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. 1952-يىلى بىر بۆلۈك ئوفىتسىرلار ئىخۋانىيلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئوفىتسىرلار ئىچىدە ئىخۋانىيلاردىن ئابدۇمۇنئىم ئابدۇرەئۇف، فۇئاد جاسىر، ئەبۇ مەكارىم ئابدۇلھەي، سالاھ شادي قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئابدۇمۇنئىم ئابدۇرەئۇف پادىشاھنىڭ ئىسكەندەرىيىدىكى تۇرالغۇسى مۇنتەزەھ قەسرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، پادىشاھنى ئىستىپانامىگە قول قويۇشقا مەجبۇرلىدى. پارۇق كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «ئىخۋانىيلار مېنىڭ تەختىمنى گۇمران قىلدى. ئوفىتسىرلار قوزغىلىڭى پەقەت ئىخۋانىيلارنىڭ بىر ئويۇنىلا خالاس. مەن دېڭىز سەپىرىدە كاپىتانغا بۇيرۇق بېرىپ يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن بولسام، ئۇلار ماڭا دېڭىزدىلا زەربە بەرمەكچى ئىدى.»

ئىنقىلاب بولغان كۈنى ئىخۋانىيلار قاھىرەدە ئونمىڭ كىشىلىك قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئىنقىلابنى ھىمايە قىلدى.

ئىخۋانىيلار ئىنقىلاب قوزغىغان ئوفىتسىرلارنى ئانچە ياخشى بىلىپ كەتمەيتتى..... بۇ جەرياندا بىر بۆلۈك ئىخۋانىيلار قانالدا ئەنگلىيىگە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتاتتى. ئىخۋانىيلار 1951-يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيىنىڭ مىسىردىكى مەۋجۇدلىقىغا تەھدىت سېلىپ، تەشكىللىك ھالدا

ئەنگلىيە پاراخۇتلىرىنى ۋەيران قىلىپ، پويىزلىرىنى بۇزۇپ، خەزىنىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، قورال-ياراقلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەسكەرلىرىنى يۇشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئىخۋانىيلار ئەنگلىيىلىكلەرنى قورقىتىدىغان قارا كۆلەڭگە ئايلانغان ئىدى. ئەنگلىيە تەرەپ قاتتىق جازالاش ۋە قورقۇتۇش ئارقىلىق بۇ ھەرىكەتلەرنى توختاتماقچى بولغان بولسىمۇ، بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. ئىخۋانىيلار ئىنگلىزلار بىلەن بولغان جەڭدە مىسلىسىز قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئەنگلىيە ئاخىرى قىسمەن ئىمتىيازلىرىنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئابدۇناسىر بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈشنى ئوچۇق تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ تەلەپكە ئابدۇناسىر قوشۇلدى. ئىخۋانىيلار قوشۇلمىدى. ئابدۇناسىر بۇ قوشۇلماسلىقنى ئىخۋانىيلارغا زەربە بېرىشكە باھانە قىلىپ، نەچچە مىڭ ئىخۋانىينى تۇتقۇن قىلدى. ئىسلامىي ھەرىكەت رەھبەرلىرىدىن ئابدۇلقادىر ئەۋدە، ئىخۋانىيلارنىڭ پەلەستىندىكى قوشۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مۇھەممەد پەرغەلي، قانالدىكى ئىنگلىزلارنى جەھەننەمگە ئۇزاتقۇچى يۈسۈپ تەلئەت، ھىنداۋي دۇۋەي، ئىبراھىم تەييىب، مەھمۇد ئابدۇللەتىپ (الله ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن) لارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. نەچچە مىڭلىغان ئىخۋانىيلار تۈرمىلەرگە قامىلىپ، جاھان تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن رەھىمسىز ۋەھشىي ئازابلار بىلەن قىين-قىستاققا ئېلىندى. ياۋۇزلارچە باستۇرۇش

1966 ـ يىلى ئابدۇناسىر يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەـ رنى يۇتۇپ كەتكىچە داۋملاشتى.

جامال ئابدۇناسىر سەييىد قۇتۇب، مۇھەممەد يۇسۇپ ھەۋاش ۋە ئابدۇلپەتتاھ ئىسمائىللارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. مېدىتسىنا، گېئومېترىيە، فىزىكا، يادرو ئىلمى قاتارلىق پەنلەردە مۇتەخەسسىسلەشكەن ياشلاردىن 284 نەپىرى قېيىن ـ قىستاق ئاستىدا ئۆلۈپ، ھەربىي تۈرمىنىڭ قۇملۇقىغا كۆمۈۋېتىلدى. نەچچە ئون مىڭ كىشى قامالدى. مىسىرنىڭ چوڭ شەيتىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ، بىر كۈندە 170مىڭ ئادەمنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

مىسىر ۋە باشقا ئەرەب رايونلىرىدا ئىخۋانىيلار ھازىرغىچە باستۇرۇلۇۋاتىدۇ. تۈرمىشتا قىستىلىۋاتىدۇ. خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئېنىق بىر ھەقىقەت شۇكى، ئىخۋانىيلار مۇسۇلماـ نلارغا، بولۇپمۇ شەرق ئىسلام ئەللىرىگە ۋە ئەرەب ئەللىرىگە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتىن ناھاـ يىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

1 ـ غەربلىكلەر ئىسلام دىنىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋېتىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان خەلىپىلىك ـ نىڭ راۋىقىنى يىقىتىپ تاشلىيالىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاۋاتقاندا، ئىخۋانىيلار مۇسۇلمانلاردا ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا قۇرۇش ئۈمىدىنى ئويغاتتى. ھەسەن بەننا ئۆزىنىڭ تەشكىللەش ماھارىتىنى نامايەن قىلدى. الله ئۇنىڭ دەۋىتىگە

بەرىكەت ئاتا قىلىپ، ئەنگىلىيىنىڭ پۈتۈن مىسىر ۋە شەرقتىكى مەۋجۇدلۇقىنى تەۋرەتتى. ئىخۋانىيلارغا ئەگەشكەن ئوفىتسېرلار ئالدامچىلىق قىلمىغان بولسا، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالغان ئىدى. ئوفىتسېرلار ئەسلىدە ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنى (ئىسلام شەرىئىتىنى) ئاساس قانۇن قىلىشقا قەسەم ئىچىپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئىنقىلاب مېۋىسىنى ئوغرىلاپ، ئىنقىلابنى ماتېرىيالىستىك دىنسىز ئەلمانىي (دىننى ھاكىمىيەتتىن ئايرىيدىغان كۆز قاراش) يۆزلىنىشكە تارتىپ كەتتى.

2 ـ ئىخۋانىيلار مۇسۇلمان ياشلىرىنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەشتە ئۈلگە كۆرسەتتى. ئىخۋانىيلار ئىلىم ـ پەننىڭ ئاسترونومىيە، گېئومېترىيە، مېدىتسىنا، فىزىكا، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە مۇتەخەسسىسلىشىپ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئىشەنچىسى ئاشتى. ئىسلامنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىتەرەپ قىلالايدىغانلىقىغا، كىشىلەرنى ئىلاھىي ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئاجايىپ ئىشلارنى روياپقا چىقىرالايدىغانلىقىغا، دەۋر ۋە مىللەت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىغا چىنپۈتتى. ئابدۇقادىر ئەۋدە، مۇھەممەد پەرغەلىي، يۈسۈپ تەلئەت، ھەسەن ھەزىيبىي، سەييىد قۇتۇپ، زەينەپ غەزالىي قاتارلىق ئۈلگىلەر ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى.

3 ـ ئىخۋانىيلار ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئىسلام ئىدىئو ـ لوگىيىسى ئىخۋانىيلارنىڭ قولىدا مۇسۇلمانلارمۇ نومۇس قىلىدىغان ئاددىي چۈشەنچە بولۇش ھالىتىدىن يەر شارىدىكى بارلىق نەزەرىيە ۋە پەلسەپەلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان ھالەتكە يېتىپ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. ئىخۋانىيلار تەپەككۇر ئۆلچەملىرىنى ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىۋەتتى. ئىخۋانىيە ياشلىرى يەر شارىدىكى ئىنسانىي پىكىرلەرگە كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، ئىنسانىي پىكىرلەرنىڭ قىممىتى ۋە پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەملەرنى ئويغا سالدى. بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىزمنىڭ مىكىرلىك ھۇجۇمى ۋە رېئاللىق بېسىمى ئاستىدا ئىدىيە جەھەتتىن مەغلۇپ بولغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سوتسىيالىزمغا، دېموكراتىيىگە ياكى دېكتاتۇرغا ئېھتىياجى قالمىدى. ئىخۋانىيلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلار نومۇس قىلغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىكەن. ئاسماندىن چۈشكەن ئىلاھىي قانۇندا ھېچقانداق نۇقسان يوق ئىكەن. بەلكى بارلىق ئەيىب ـ نۇقسان يەرلىك قانۇ ـ نلاردا. ئىخۋانىيلار ئىلىم ـ پەنگە غەيبى ھەقىقەت ياكى ئىسلامىي قائىدە بىلەن زىتلىشىدىغان بىرەر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلان قىلىپ يېڭىۋالدى. چۈنكى اللە نىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى بىلەن ئىنسانلارغا تۈزۈم قىلىپ بەرگەن قانۇنى ھېچ ۋاقىت بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيتتى.

4 ـ ئىخۋانىيلار جىهاد ئىدىيسىنى جانلاندۇرۇپ خەلقنى ئويغاتتى. بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا، روسىيە ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى مۇسۇلمانلار تەرەپىدىن تەھدىتكە ئۇچرىدى. مانا بۇ كاپىرلارنىڭ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ۋەھشىيلەرچە زەربە بېرىشىنىڭ؛ مۇسۇلمانلارغا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇرۇش قوزغىشىنىڭ؛ جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ تەتقىقات مېتودلىرى، ياللانما ئەدىبلەر ۋە مۇخبىر ـ لارنىڭ پەسكەش قەلەملىرىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلەر بىلەن ئىسلام ئوتتورىسىغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىشىنىڭ ھەقىقى سىرىدۇر. كاپىرلار ئىسلام دىنىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋېتىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قورچاق ئەمەلدارلارنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇسۇلمانلاردا ئويغىنىش پەيدا بولغانلىقىدۇر.

## 2 ـ بەھس: ئىخۋانىيلار ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە نىشانى

ئىمام شېھىد ھەسەن بەننا مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە ئىسلام قائىدىسى بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈش بىزنىڭ نىشانىمىز بولسىمۇ، بىز سىياسىي پارتىيە ئەمەس. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسىتىمىز بولسىمۇ، بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەمئىيىتى ئەمەس. بەدەن ۋە روھنى چىنىقتۇرۇش بىزنىڭ مۇھىم ۋاستىمىز بولسىمۇ، بىز تەنتەربىيە ئەترەتلىرى ئەمەس. بىز مەزكۇر تەشكىلا ـ تلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەس. چۈنكى بۇنداق تەشكىلاتلار

رايون خاراكتېرلىق ۋاقتلىق نىشانلارنى كۆزلەيدۇ. بۇنداق تەشكىلاتلار بەزىدە تەشكىلىي تۈزۈمگە قىزىقىش ۋە باشقۇرغۇچىلىق نامىنى ئېلىش مەقستى بىلەنمۇ قۇرۇلىدۇ. بىراق بىزنىڭ ئەقىدىمىز، تۈزۈمىمىز، يولىمىز ماكان، زامان چەكلىمىسىگە، مىللەت، جۇغراپىيىلىك توساق چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. زېمىن ۋە زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى اللە قا مەنسۇپ بولغانغا قەدەر بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز توختىمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ تۈزۈمىمىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ تۈزۈمى. بىزنىڭ يولىمىز پەيغەمبەرنىڭ يولى. بىز اللە نىڭ پەيغەمبىرى ـ نىڭ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنكى ساھابىلىرىدۇر ـ مىز. بىزنىڭ بايرىقىمىز ساھابىلەر كۆتۈرگەن بايراق. بىزنىڭ دىنىمىز ساھابىلەر ئېتىقاد قىلغان ھەم تارقاتقان دىن. بىزمۇ ساھابىلەردەك ئېتىقاد قىلىمىز ھەم تارقىتىمىز. ساھابىلەر يادقا ئالغان قۇرئاننى يادقا ئالىمىز. ساھابىلەر بىشارەت بەرگەن دەئۋەت ۋە دۇنياۋىي رەھمەت بىلەن بىشارەت بېرىمىز.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇرادەرلەر! مەن مانا مۇشۇنداق ساپ بۇرادەرلىك بىرلىكىدىن پەخىر ـ لىنىمەن. مۇستەھكەم ئىلاھىي رىشتە بىلەن ئىپتىخار ـ لىنىمەن. اللە بارىسىدا ئۆز ـ ئارا دوست بولۇپ، ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىپ، بۇرادەرلىكنى داۋاملاشتۇرساڭلار كە ـ لگۈسىدە ئۇتۇق قازىنىشىنىڭ ئۈمىدى چوڭ. بىرلىككە ئەھمىيەت بېرىڭلار! بىرلىك سىلەرنىڭ قورالىڭلار ۋە دەسمايەڭلەردۇر.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىخۋانىيلارنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئەيش-ئىشرەتنىڭ شەيتانىي دولقۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، بۇ دولقۇنلارنى زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىپ، قەۋممىزنى ماددىي چىرىكلىكتىن ساقلاش. بىز بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايمىز. بەلكى ماددىي چىرىكلىكنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ئۇۋىسىغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى ئۆز ئۇۋىسىدا ئۇجۇقتۇرىمىز. ھەتتاكى پۈتۈن دۇنيا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى چاقىرىدۇ. قۇرئان كەرىم تەلىماتلىرىغا ئىشىنىدۇ. زېمىنغا ئىسلامنىڭ باراقسان سايىسى چۈشىدۇ. ئەنە شۇچاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئاشىدۇ، پىتنە قالمايدۇ، پۈتۈن دىن اللّٰه قا مەنسۇپ بولىدۇ.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىخۋانىيلارنىڭ تۈنجى مەجبۇرىيىتىمىز كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ چەك- چېگرىسىنى كەم-كۈتىسىز ئېنىق بايان قىلىشتۇر. بۇ بىزنىڭ ئىدىيىمىز. بىز مۇسۇلمانلاردىن مۇشۇ ئىدىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، بۇ ئىدىيە بويىچە ئىش- پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز. بۇ بىزنىڭ ئىدىيىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەنلىكىمىز. بىزنىڭ دائىمىلىق شۇئارىمىز مۇنداق: «اللّٰه نىڭ ساۋابى غايىمىز، پەيغەمبەر ئۆلگىمىز، قۇرئان قانۇنىمىز، جىھاد يولىمىز، اللّٰه يولىدا ئۆلۈش، ئەڭ يۈكسەك ئارمانىمىز. بىز ئىخۋانىيلار ئاۋۋال ئىسلامىي شەخسنى، ئاندىن ئىسلامىي ئائىلىنى، ئاندىن

ئىسلامىي خەلقنى، ئاندىن ئىسلامىي ھۆكۈمەتنى كۆزلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىسلام ئاساسىغا قۇرۇلمىغان ھەرقانداق ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلمايمىز. ئىسلامىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى قايتا بەرپا قىلىپ، مۇشۇ تۈزۈلمە بويىچە ئىسلامىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلىمىز. ئاندىن كېيىن غەرب سىياسىتى بۆلۈۋەتكەن مۇسۇلمانلار ۋەتىنىنى بىرلىككە كەلتۈرىمىز. ئاندىن بىر مەزگىل ئىسلام بىلەن بەختلىك بولغاندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ نۇرىدىن مەھرۇم بولۇپ كاپىر بولۇپ كەتكەن تەتۈر پىشانە رايونلارغا الله نىڭ بايرىقىنى قايتا تىكلەيمىز. ئاندىن بىزنىڭ دەۋىتىمىزنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىپ، ھەممە ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ، دەۋىتىمىزنى پۈتۈن يەرشارىدا ئومۇملاشتۇرىمىز. ھەرقانداق زوراۋان كۈچنى دەۋەتكە باش ئەگدۈرىمىز. كۇپرى ۋە شىرىك تۈگەپ، ھەممە كىشى الله قا بويسۇنغانغا قەدەر ھەرىكىتىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. ھەر بىر باسقۇچتا شۇ باسقۇچقا خاس ۋاستە ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىمىز.»

ئۇستاز شېھىد سەييىد قۇتۇپ (الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، بىز يېپيېڭى بىر نەرسىگە ئىگە بولدۇق. بۇنى ئىنسانلار بىلمەيۋاتىدۇ، ئۇنى ئىنسان پەيدا قىلالمايدۇ. بۇ يېڭى نەرسە ئەمەلىيەتكە ئېشىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى كېرەك... بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي رايونلاردا ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئويغىنىش ھەرىكىتى ئۇزۇن-قىسقا

مۇساپىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئىنسانىي رەھبەرلىكنى قولغا ئالىدۇ.»

3 ـ بەھس: ئىخۋانىيلارنىڭ دىنى ئىدىيىسى

ئۇستاز ئىمام ھەسەن بەننا مۇنداق دەيدۇ: «ئىخۋانىيلار الله نىڭ كىتابىغا ئىرىشىپ، ئۇنىڭدىن توغرا يول ئىزدەپ شۇنداق تونۇشقا كەلدىكى، ئىسلام پارچىلانماس بىر پۈتۈنلۈكتۇر. ئىسلام تۇرمۇشنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشى، ھەممە ئىش ئىسلامىي تۈسكە كىرىشى، ئىسلامنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشى، ئىسلامنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن ئېلىپ بېرىـ لىشى كېرەك. كىشىلەر ھەقىقى مۇسۇلمان بولماقچى بولسا، ھەممە ئىشتا ئىسلامنى ئاساس قىلىشى كېرەك.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىخۋانىيلار ئىشەنگەن، ئېتىقاد قىلىپ كىلىۋاتقان ئىسلام دىنىدا ھاكىمىيەت دىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. ئىسلام دىنى نەزەرىيە جەھەتتىن يول كۆرسىتىشكە تايىنىش بىلەن بىللە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكىمۇ تايىنىدۇ. ھۆكۈمرانلىق بىزنىڭ فىقھي كىتابلىرىمىزدا، ئەقىدە ۋە تۈپكي مەسىلىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ، پۇرۇئات مەسىلىلەر قاتارىدا سانالمايدۇ.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بايقاۋاتىمىزكى، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋىتىش پاك ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى ئەمەس. دىنىنىڭ روھي ۋە تەلىماتىنى چۈشەنگەن ھەقىقى مۇسۇلمانلار بۇ ئايرىشنى ئېتىراپ

قىلمايدۇ.»

ئۇستاز شېھىد سەييىد قۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامنىڭ نەزەرىۋىي قائىدىسى تارىختىن بۇيان «الله تىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق» قائىدىسىدۇر. يەنى الله نى قەلبتە يالغۇز الله دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئىبادەتنى بىرلا الله قا قىلىش ۋە الله نىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاش ئىسلامنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر... بۇ ئاساسنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى بارلىق ئىنسانىيەت الله نىڭ دىنىغا قايتىپ، ھېچقانداق بىر ئىشتا ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقارماسلىق، بەلكى ھەممە ئىشتا الله نىڭ ھۆكمىگە قايتىپ، الله نىڭ ھۆكمىگە ئەگىشىش دېگەنلىكتۇر.»

## 4 ـ بەھس: ئىخۋانىيلارنىڭ ۋاستىلىرى

ئىمام شېھىد ھەسەن بەننا مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ يولىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن. بىز ئۆزىمىزنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىمىز. ئىرادىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللىنىدىغان ۋاستىلەر ـ نىمۇ بىلىمىز. بىزنىڭ ئاساسلىق ۋاستىلىرىمىز نوتۇق ۋە لىكسىيە سۆزلەپ، كىتاب ماقالىلەرنى يېزىپ، كىسەللەرگە دىئاگنوز قويۇپ مۇۋاپىق دورا بېرىش. بۇ ئۇسۇلنى يالغۇز قوللانغاندا ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى، مەقسەتكە يەتكىلى، غايىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. دەۋەتچىلەر چوقۇم قوللىنىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە

باشقا ۋاستىلەر بار. دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆز ـ گەرمەيدىغان ۋاستىلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن ئىبارەت:

1 ـ چوڭقۇر ئىمان.

2 ـ تۈجۈپىلەپ يېتىلدۈرۈش.

3 ـ ئىزچىل ھەرىكەت قىلىش.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىخۋانىيلار باسقۇچقا بۆلۈپ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھەرقانداق دەۋەت تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك:

1 ـ تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش، ھەرخىل تەبىقىدىكى ئاۋام خەلققە يەتكۈزۈش باسقۇچى.

2 ـ يېتىلدۈرۈش، تاللاش، قوشۇن تەشكىللەش، سەپ تۈزۈپ تەييارلىق قىلىش باسقۇچى.

3 ـ ھەرىكەت قىلىش، ئىجرا قىلىش ۋە نەتىجە يارىتىش باسقۇچى.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كۆپلىگەن كىشىلەر: ئىخۋانىيلار ئۆز مۇددىئالىرىغا يېتىش ۋە غايىلىرىنى ئەمەلگەئاشۇرۇشتا قورال كۈچى ئىشلىتىشنى ئويلىشۋاتامدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. كۈچ ئىسلامنىڭ ھەر قانداق قانۇن ـ تۈزۈمىدىكى شۇئارىدۇر. ئەقىدىنىڭ كۈچى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قورال ـ ياراقنىڭ كۈچى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىخۋانىيلار باشقا ۋاستىلەر ئۈنۈم بەرمىگەندە ئەمەلىي كۈچنى ئىشقا سالىدۇ. ئىمان كۈچى ۋە ئىتتىپاقلىق كۈچىنى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن قورال كۈچىنى ئىشقا سالىدۇ.

5 ـ بەھس: ئىخۋانىيلارنىڭ رىئاللىق، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان قارىشى

ئىمام شىھىد ھەسەن بەننا مۇنداق دەيدۇ: «ئوچۇق جاۋاب بېرىڭلار! ھەقىقەت ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ. سىلەر ھازىر ئەمەلىي تۇرمۇشۇڭلاردا رىئايە قىلىۋاتقان تۈزۈملەر نوقۇل ئەنئەنىۋى تۈزۈملەردۇر. بۇ تۈزۈملەرنىڭ ئىسلام بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بۇ تۈزۈملەر ئىسلامدىن ئېلىنمىغان ۋە ئىسلامغا ئاساسلانمىغان. ئىچكىرى مۇناسىۋەت تۈزۈمى ۋە خەلقئارا ئالاقە تۈزۈمى، مەمۇرى ۋە ھەربىي تۈزۈ ـ ملەر، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى، شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك تۈزۈمى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى، بەلكى ئائىلە تۈزۈمى ۋە شەخسىي مۇناسىۋەت تۈزۈملىرى.... ھەممىسى شۇنداق.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا بىزنىڭ ھەقىقى ئىسلام ھۆكۈمىتىمىز بولغان بولسا، بىز ھۆكۈمەتكە پۈتكۈل دۇنياغا ئىسلام دەۋىتى ئېلىپ بېرىش تەلىپىنى قويىاتتۇق. بىراق بىزنىڭ ھۆكۈمدارلىرىمىز قەيەردىمۇ ئۇنداق قىلالىسۇن؟ ۋەھالانكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياتلارنىڭ قوينىدا چوڭ بولدى، ياتلارنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. بۇرادەرلەر! دەۋەت ھۆكۈمدارلارغىلا خاس ئەمەس. ئەمەلىي تەجرىبىلەر ھۆكۈمدارلارنىڭ دەۋەت ئېلىپ بېرىشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دەۋەت يېڭى ئەۋلا ـ دلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. دەۋەتنى ياخشى ئېلىپ بېرىڭلار! دەۋەت

شەكلىنى يېڭىلاڭلار! ئۆزۈڭغا قالماي نەپسى بىلەن جىھاد قىلىپ باشقىلارنى نەپكە ئىرىشتۈرەلەيدىغان مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلارنى كۆرەلە ـ يسىلەر.»

ئۇستاز شېھىد سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت جەمئىيىتى دېگەن نېمە؟ ئىسلام جاھىلىيەتكە قايسى يول بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ؟ جاھىلىيەت جەمئىيىتى دىگىنىمىز ئېتىقادي تونۇشتا، دىنى پائالىيەتتە، قانۇن تۈزۈملەردە.... بىر الله قا بويسۇنمايدىغان ھەرقانداق جەمئىيەتتۇر.

بۇ تەبىر بويىچە بولغاندا، بۈگۈن كۈندە يەرشارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان بارلىق جەمئىيەتلەر «جاھىلىيەت جەمىيىتى» رامكىسىغا كىرىدۇ.»

6 ـ بەھس: ئىخۋانىيلارنىڭ ئۆز يولىغا بولغان چۈشەنچىسى

ئىمام شېھىد ھەسەن بەننا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ قويغۇم كېلىۋا ـ تىدۇكى، سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارنى تېخى نورغۇن كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار دەۋەتنى، دەۋەتنىڭ مەقسەت نىشانىنى چۈشەنگەندە دەۋەتكە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدۇ ۋە رەھىمسىزلەرچە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا نورغۇن قىيىنچىلىقلار بار. سىلەرنىڭ ئالدىڭلارنى نورغۇن داۋانلار توسىيدۇ. ئەنە شۇ چاغدا سىلەر دەۋەتچىلەرنىڭ يولىغا ماڭغان بولىسىلەر. ھازىر كىشىلەر تېخى سىلەرنى تونۇمايدۇ، سىلەر دەۋەتكە تەييارلىق قىلىۋاتىسىلەر. دەۋەتنىڭ

مۇقەررەر تەلپىي بولغان جىھادقا ۋە كۈرەش ـ كە تەييارلىق قىلىۋاتىسىلەر. خەلقنىڭ ئىسلام ھەقىقىتىنى چۈشەنمەسلىكى، سىلەرنىڭ يولۇڭلار ـ دىكى بىر چوڭ توساقتۇر. بەزىبىر دىندارلار ۋە جانىبا ـ قىتى ئۆلىمالار سىلەرنىڭ دىنى چۈشەنچەڭلارنى يات ساناپ، دىن يولىدىكى كۈرىشىڭلارنى قوللىمايدۇ. سىلەرگە باشلىقلار، داھىيلار، ئابرويلۇق كىشىلەر ۋە ھوقۇقدارلار ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. بارلىق ھۆكۈمەتلەر سىلەرگە بىردەك قارشى تۇرىدۇ. ھەرقانداق ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ پائالىيىتىڭلارنى چەكلەپ، يولۇڭلارغا توساق قۇرىدۇ. ھوقۇق بۇلاڭچىلىرى سىلەرگە قارشى تۇرۇش، دەۋىتىڭلارنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا كەلگەندە يارىماس ھۆكۈمەتلەردىن ياردەم سوراپ، ئاجىزلاشقان ئەخلاقنى ۋە ئۇلاردىن پۇل تىلەپ سىلەرگە ئەسكىلىك بىلەن سوزۇلغان قوللارنى تەڭ ئىشقا سالىدۇ. ھەممە كىشى سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارغا شۈبھە تۇمانلىرىنى قوزغاپ، تۆھمەت ئوقلىرىنى ئاتىدۇ. دەۋىتىڭلارغا ھەرخىل ئەيب ـ نۇقسانلارنى چاپلاپ، ئەسكىرىي كۈچى، ئىقتىسادى ۋە نوپۇزىغا تايىنىپ، دەۋەتنى كىشىلەرگە سەت كۆرسىتىدۇ: «ئۇلار اللہ نىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن پۈۋلەپ ئۆچۈرمە ـ كچى بولىدۇ. گەرچە كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ، اللہ ئۆز نۇرىنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ.» سىلەر بۇ ئارقىلىق تەجرىبە ۋە سىناق ئورۇنلىرىغا كىرىسىلەر، قامىلىسىلەر، تۇتقۇن قىلىنىسىلەر، پالىنىسىلەر، سەرگە ـ ردان قىلىنىسىلەر،

مال ـ مۈلكىلار مۇسادىرە قىلىنىدۇ. ئىشتىن بوشىتىلىسىلەر، ئۆيلىرىڭلار ئاختۇرىلىدۇ، سىناق ئۈزۈنغا سوزۇلىشى مۇمكىن. «ئەلىف، لام، مىم. كىشىلەر ئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېيتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟»

بىراق اﷲ ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن مۇجاھىدلارغا غەلىبە ئاتا قىلىشنى، ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا ساۋاب بېرىشنى ۋەدە قىلدى.»

7 ـ بەھس: ئىخۋانىيلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

مۇشۇ قىسقا بايانلاردىن ئىخۋانىيلارنىڭ تۈۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

1 ـ ئىخۋانىيلارنىڭ دەۋتى خاراكتېر جەھەتتىن مۇكەممەل، نىشانى ئەتراپلىق. ئىخۋانىيلارنىڭ دەۋتى ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىگە چەكلىنىپ قالمىغان؛ بىر تەرەپنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، باشقا تەرەپلەرنى تاشلىۋەتمىگەن.

ئۇلارنىڭ نىشانى ئەتراپلىق دېگىنىمىز ئىخۋانىيلارنىڭ باش نىشانى شەخسلەرنى تەربىيەلەش. ئاخىرقى نىشانى ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش. ئاندىن پۈتۈن يەر شارىدا اﷲ نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشكە يۈرۈش قىلىش. ئىخۋانىيلار ئىسلام دىنىنى ئەتراپلىق چۈشىنىدۇ. ئىخۋانىيلارنىڭ قارىشىچە ئىسلام دىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە مۇكەممەل تۈزۈم بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى مۇشۇ تۈزۈم كونترول

قىلىشى كېرەك. ئىخۋانىيلار يەنە كىشىلەر بىلەن ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ئىخۋانىيلار كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرىگە ھۆججەت، پاكىت بىلەن خىتاب قىلسا، قەلبلىرىگە اللە نى، اللە نىڭ سۆيمە - تىللىرىنى ئەسلىتىپ، ئاخىرەت تۇيغۇلىرىنى چوڭقۇرلا - شتۇرۇپ، قەلبلىرىنى پاكلاشقا ئۈندەيدۇ. ئىنسان پىترىتىگە پىترەتنىڭ ئىمان - ئىسلام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىخۋانىيلار كىشىلەرگە مۇكەممەل مۇسۇلمانلار ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. ئىخۋانىيە ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ چىققۇچى ھەسەن بەننا بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. ئۇ ئوچۇق يورۇقلۇق، ئاڭلىقلىق، سەزگۈرلۈك، چىرايىغا نۇر تاشلاپ تۇرىدىغان روھىي سۆزۈكلۈك بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتۇردى. ئۇ كېچىدە قىيام قىلاتتى. ئۇ جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋەتتە؛ كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەشتە؛ قەلبلەرنىڭ بەندە - بىغىشلىرىغا خىتاب قىلىپ، اللە نىڭ ياردىمى بىلەن كۈچلۈك ئەقىدىلىك قەلبلەرگە ئايلاندۇرۇشتا مەشھۇر ئىدى.

ئىمام شېھىد ھەسەن بەننا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپلىق تۈزۈمدۇر. ئىسلام دىنى ھەم دۆلەت، ھەم ۋەتەن، ھۆكۈمەت ھەم مىللەت، ھەم خەلق ھەم كۈچ - قۇۋۋەت، ھەم مېھرىبانلىق ھەم ئادالەت، ھەم قانۇن ھەم مەمۇرىيەت، ھەم پەن ھەم

مەدەنىيەت، ھەم ماددىي بايلىق ۋە ئىقتىسادىي تاپاۋەت، ھەم جىھاد ھەم دەۋەت، ھەم ئەقىدە ھەم ئەسكەر، ھەم ئىمان ھەم ئىبادەت.»

2 ـ ئىخۋانىيلار ئېنىق نىشان ۋە مۇئەييەن ۋاستىلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنى تولۇق بايقىيالايدۇ. اﷲ نىڭ دۈشمەنلىرى ـ نىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان جەڭلىرىنىڭ نەقەدەر كەسكىنلىكىنىمۇ چۈشىنىدۇ.

3 ـ ئىخۋانىيلار ئەمەلىيەتچىلىكنى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغان جامائەدۇر. ئۇلارنىڭ كۆرەشچان ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىي تەربىيىلەش ئۇسۇلى بار. ئىخۋانىيلار نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان تىرىك ئۈلگىلەر ئارقىلىق ئىسلامنى كىشىلەرگە چۈشەندۈر ـ ىدۇ.

ئىمام شېھىد ھەسەن بەننا ئىخۋانىيلارغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلاتتى: «ئەمەلىيەتچىل بولۇڭلار! جىدەلخور بولماڭلار! اﷲ بىر قەۋمنى ھىدايەت قىلسا ئۇلارغا ئەمەلىيەتچىل بولۇشنى ئىلھام قىلىدۇ. ھىدايەت تاپقان بىر قەۋم جىدەلخورلۇق قىلمىسىلا ئازمايدۇ.»

4 ـ ئىخۋانىيلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىدا بىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىسلامىي ئېقىملارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسە ـ ملىگەن. ئىخۋانىيلار شەخسكە ئەھمىيەت بېرىپ، شەخسنى روھىي جەھەتتە ئىبادەت زىكرى ـ تەسبىھ بىلەن؛ ئەقلىي جەھەتتە مۇتالىئە ۋە ئىزدىنىش بىلەن؛ جىسمانىي جەھەتتە بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە مەشىق

قىلدۇرۇش بىلەن تەربىيىلەيدۇ.

ئىخۋانىيلارنىڭ يولىدا ئىسلامنىڭ بىر تەرەپىي ئالا ـ ھىدە تەكىتلىنىپ، باشقا تەرەپلىرى تاشلاپ قويۇلغان ئەمەس. ئىخۋانىيلار دەلىل ئىزدەش، نەسلەرنى ئاساس قىلىش ۋە قۇرئان ھەدىس بويىچە ھۆكۈم قىلىشلاردا سەلەپىيلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. روھىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، زىكرى ـ تەسبىھ ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشلاردا سوپىلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئاغزاكى دەۋەت ئېلىپ بېرىشتا تەبلىغ جامائىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. پىكىر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشتە ھىزبىيلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

5 ـ ئىخۋانىيلار ئىسلام خەلىپىلىكى يىقىلغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى ھەقىقى چۈشە ـ نگەن، مۇسۇلمانلار بېشىدىن كەچۈرىۋاتقان ۋەزىيە ـ تنىڭ خەتىرىنى ھېس قىلغان، ئېغىپ كەتكەن ئېقىملارغا قارشى تۇرۇپ، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئېزىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ دىنى ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن جامائەدۇر. ئىخۋانىيلار بار يەردە باشقا بىر تەشكىلات ياكى جامائە قۇرۇشنىڭ ئورنى يوق.

6 ـ ئىخۋانىيلار ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلامي دەۋەتنى مۇداپىئەدە تۇرۇش ھالىتىدىن ھۇجۇم قىلىش ھالىتىگە ئېلىپ كىردى. شېھىد سەييىد قۇتۇب «يول بەلگىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 206 ـ 207 ـ بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇلارغا ئىسلامنى قىلچە يۇشۇرمايمىز.

ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خاھىشلىرى ۋە خاتا ئىدىيىلىرىنىڭ پېشىنى كۆتۈرمەيمىز. بىز ئۇلارغا گەپنى ناھايىتى ئوچۇق قىلىمىز: سىلەر جاھىلىيەتتە پاسكىنىلىشىپ كەتتىڭلار. اﷲ سىلەرنى پاكلاشنى ئىرادە قىلىدۇ. سىلەر تۆۋەن تۇرمۇشتا ياشاۋاتىسىلەر، اﷲ سىلەرنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئىرادە قىلىدۇ. سىلەر بەختسىزلىك، بىچارىلىك ۋە ئېغىرچىلىق ئىچىدە تۇرىۋاتىسىلەر، اﷲ سىلەرنى بەختلىك قىلىشنى، سىلەرگە رەھمەت قىلىشنى ۋە ئېغىرچىلىقلىرىڭلارنى كۆتۈرىۋېتىشنى ئىرادە قىلىدۇ.» مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىدىن ۋە دىنى شۇئارلاردىن خىجىل بولۇۋاتقان، چېنىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتلەردە ئىخۋانىيلار ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىدە ئاجايىپ بىر بۇرۇلۇش بولمىغان بولسا ئۇلار ھەرگىز بۇنداق سۆزلەرنى دېيەلمىگەن بولاتتى.

7 ـ ئىخۋانىيلار بۇرۇندىن باشلاپ شېھىدلار رەھبەر ـ لىك قىلغان، قېيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، قولغا كۆندۈرۈش، قوشۇۋېلىش، ئاسىملاتسىيە قىلىش قاتار ـ لىق ئۇسۇللارغا بوي بەرمەي كېلىۋاتقان بىردىن بىر ئىسلامي تەشكىلاتتۇر. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئىخۋانىيلارنى تەشكىللىگەن كىشى شېھىد بولدى. بۇ كىشىنى پارۇق قاھىرەنىڭ خەلق مەيدانى رەمسىستە قەستلەپ ئۆلتۈردى. بۇ كىشىنىڭ جەستى قاراڭغۇ كېچىدە برونېۋىك قىسمىنىڭ ئالدىدا تۆت ئايال تەرىپىدىن يۆتكەلدى. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن يىللىق ئىلىم ـ پەن مۇكاپاتىغا

ئىرىشكەن «ئىسلامدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى ئابدۇقادىر ئەۋدە، ئىخۋانىيلارنىڭ پەلەستىنگە ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد پەرغەلي، «ئېنگىلىزلارنى جەھەننەمگە ئۇزاتقۇچى» يۇسۇپ تەلئەت، (ئىنگىلىزلار بۇكىشىنى تىرىك تۇتۇپ بەرگەن، ياكى ئۆلتۈرۈپ بەرگەن ئادەمگە بەش مىڭ جۇنەيھ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.) مەشھۇر قانۇنشۇناس ئىبراھىم تەييىب، قورقۇمسىز ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد قۇتۇب، مۇھەممەد يۇسۇپ ھەۋاش، ئابدۇل پەتتاھ ئىسمائىل قاتارلىقلار شېھىد بولغان. ئىخۋانىيلار 1951-يىلدىن 1954- يىلىغىچە سۇۋەيس قانىلىدىكى ئەنگىلىيە ئىشغا- لىيەتچىلىرىگە تاقابىل تۇرغان. ئۇلار يەنە ملادي 1948-يىلى پەلەستىندە يەھۇدىيلارغا قارشى جىهاد قىلغان.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئىخۋانىيلار دۇنيا مۇسۇلما- نلىرىنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوخشو- شىسىزلىقلارغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرۇپ، الله مۇسۇ- لمانلارغا تاپشۇرغان نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئەڭ ياخشىسى بىز بۇ بەھسنى ئىمام شېھىد ھەسەن بەننانىڭ بەشىنجى قۇرۇلتايىدا «ئىخۋانىيلارنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسى مۇكەممەل» ماۋزۇلۇق نوتۇقىد- ىكى ئوتلۇق سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرايلى:

«ئىخۋانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ئەتراپلىق

چۈشىنىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئىسلاھاتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرى تولۇقلانغان. بارلىق ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئېلېمېنتلىرى مۇجەسسەملەشكەن. ھەر قانداق ئىخلاسمەن، جاسارەتلىك ئىسلاھاتچى ئىخۋانىيلار ئىدىيىسىدىن ئۆز ئاززۇسىنى تاپىدۇ. ئىخۋانىيلارنى بىلگەن، چۈشەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىنى ئۇقالىغان بارلىق ئىسلاھاتنى ياقلىغۇچىلار ئىخۋانىيلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ.

بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى: ئىخۋانىيلاردا سەلەپلەرنىڭ تەشەببۇسى بار. چۈنكى ئۇلار ئىسلام دىنىنى دىنىنىڭ سۈزۈك بۇلىقى بولغان قۇرئان ۋە ھەدىسقا قايتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىخۋانىيلار سۈننەتپەرۋەرلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ھەممە ئىشتا، بولۇپمۇ ئەقىدە ۋە ئىبادەتتە كۈچىنىڭ بېرىچە سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئىخۋانىيلار ھەقىقى سوپىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ياخشىلىقنىڭ ئاساسى روھنى پاكلاش ۋە قەلبنى تازىلاش، ئادالەتنى ياقلاش، مەخلۇقتىن يۈز ئۆرۈپ الله قا ئاشىق بولۇپ، ياخشىلىققا باغلىنىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئىخۋانىيلار بىر سياسي تەشكىلات. چۈنكى ئۇلار ئىچكىرى جەھەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۈزۈتۈشنى، خەلقنى ئىززەت - ھۆرمەت ۋە غۇرۇر تۇيغۇسى بىلەن تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىخۋانىيلار تەنتەربىيىچىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار بەدەن چىنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار شۇنى بىلىدۇكى: كۈچلۈك موئمىن اللە نىڭ ئالدىدا ئاجىز موئمىندىن ياخشى ۋە سۆيۈملۈكتۇر. «بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار» (ھەدىس) ئىسلامىي ۋەزىپىلەرنى پەقەت كۈچلۈك بەدەن بولغاندىلا توغرا ۋە تولۇق ئادا قىلغىلى بولىدۇ. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش ۋە زاكات بېرىش ئۈچۈن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈ-رەلەيدىغان، ئەمگەك قىلالايدىغان، ۋە پۇل تاپالايد-ىغان بەدەن كېرەك بولىدۇ. ئىخۋانىيلار بەدەن چىنىقتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدىمۇ تەشكىلچانلىقىقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەنتەربىيە كۇرژۇكلىرى مەخسۇس تەنتەربىيە ئورۇنلىرىغا ئوخشايدۇ ۋە بەلگى بېسىپ چۈشىدۇ.

ئىخۋانىيلار پەن-مەدەنىيەت بىرلەشمىسى. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىلىم تەلەپ قىلىشنى ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرىز قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىخۋانىيلار-نىڭ سورۇنلىرى ئەمەلىيەتتە پەن-مەدەنىيەت مەكتە-پلىرى ۋە جىسمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتلەر-دىن تەربىيىلەيدىغان ئېنىستىتۇتلاردۇر.

ئىخۋانىيلار ئىقتىسادىي شىركەتلەردۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ھالال يول بىلەن پۇل تېپىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئادەمنىڭ قولىغا چۈشكەن ياخشى مال نېمە دېگەن ياخشى!»

«ھالال ئەمگەك قىلىپ ھارغىن ھالەتتە كۈننى

كەچ قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»

ئىخۋانىيلاردا ئىجتىمائىيلىشىش ئىدىيىسى بار. ئۇلار ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كېسەللىرىنى تېپىپ چىقىپ، كېسەللىنى داۋالاشقا چارە ئىزدەپ، مۇسۇلمانلارنى ساغلاملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، ئىسلامنىڭ كەڭ مەنىلەرگە ئىگە بولۇشى بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە ئىسلاھاتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن، بىزنىڭ پائالىيەت دائىرىمىزنى كېڭەيتكەن. باشقىلار ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم بىر تەرەپلىرىگە يۈزلەنگەنلىرىدە، بىز دىنىنىڭ ھەممە تەرەپىگە تەڭ يۈزلىنىمىز. شۇڭا ئىخۋانىيلار بىر-بىرىگە زىت ئىشلارنى قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرى بىر-بىرىگە زىت ئەمەس.

كىشىلەر شۇنى كۆرۈۋاتىدۇكى، ئىخۋانىيلار مەسچىتلەردە يىغلاپ تۆكۈلۈپ ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. بىردەمدىن كېيىن مۇڭلۇق نەسىھەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدىغان نەسىھەتچى ۋە ئۆگە-تكۈچى بولۇپ كېتىدۇ. بىردەمدىن كېيىن توپ تېپىۋاتقان، مانېۋىر ئۆتكۈزۈۋاتقان، سۇ ئۈزۈۋاتقان، چاققان بىر چىنىققۇچىغا ئايلىنىدۇ. بىردەمدىن-

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا رىۋايىتى تەبەرانى رىۋايىتى

كېيىن سودا بازىرىدىكى تىجارەتچىگە، بىردەمدىن كېيىن بېرىلىپ ئىشلەۋاتقان كارخانىچىغا ۋە ھۈنەر-ۋەنگە ئايلىنىدۇ.

بۇ پائالىيەتلەر كىشىلەرگە ئۆز-ئارا ماس كەلمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ئەگەر مۇشۇ پائا-لىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرۇ-يدىغانلىقىنى ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغانلىغىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار مەزكۇر پائالىيەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئاجايىپ ماس كەلگەنلىكىنى بايقىغان بولاتتى. ئىخۋانىيلار ئەنە شۇنداق ئەتراپلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، قايسىدۇر بىر جەھەتلەردە كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ كەلدى. ئۇلار يەنە باشقا نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تەرەپپازلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» دېگەن ھەممىباب نامنى قوللاندى.

ئى الله! ئۆزلىرىنى پاك دەپ ياد ئېيتىمەن. ئۆزلىرىگە ھەمدە ئېيتىمەن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. ئۆزلىرىدىن كەچۈرۈم سورايمەن. گۇناھىمنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەيمەن.

الله ئەڭ كاتتىدۇر. جېمي ھەمدۇ-ساناھ الله قا خاستۇر.

الله قا قايتىش بىزنىڭ غايىمىز.

قۇرئان بىزنىڭ قانۇنىمىز.

پەيغەمبەر يېتەكچىمىز.

جىھاد يولىمىز.

اللە يولىدا ئۆلۈش ئەڭ يۈكسەك ئارمانىمىز.


هەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرگە؛
شېھىد بولۇشقا ئىنتىلگۈچىلەرگە؛
فىردەۋس جەننىتىگە ئىنتىزار بولغۇچىلارغا؛
مىللەتچىلىك پاتقىقىنىڭ سېسىق ئەۋرەزلىرىدىن قۇتۇلۇش
نىيىتىگە كەلگەنلەرگە؛
قۇدرەتلىك اللە نىڭ دەرگاھىدا ئامان جايدا بولۇشنى
ئۈمىد قىلىپ، بويۇنلىرىدىن بەندىگە قۇل بولۇش بويۇنتۇرۇقلىرىنى
ئېلىپ تاشلاشقا بەل باغلىغانلارغا؛
اللە نىڭ يولىغا ئامانلىق يولىغا مېڭىش نىيىتىگە كەلگەنلەرگە؛
ئەنە شۇلارغا بۇ كىتابنى سوۋغا قىلىمىز
ئاپتور